# شنجاڭ ئنقلابي قۇربانلار

# خەۋەرلرى ژۇرنلى

## 1

## 1987

ش ئۇ ئا ر ئنقلابي قۇربانلارنڭ ئش - ئزلرنى توپلاش، رەتلەش كومتېتى
ش ئۇ ئا ر «شنجاڭ ئنقلابي قۇربانلار تەرجمھالى ژۇرنلى» تەھرر بۆلۇمى

## 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قۇربان بولغان مەشھۇر قۇربانلارنىڭ 38 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز



ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئايالى (ئىزىزىشىن بىلەن بىللە



ئەخمەتجان قاسىمى ئايالى ماھىنۇر ۋە بالىلىرى بىلەن بىللە



ئەخمەتجان (ئالدىنقى قاتاردا ئوتتۇرىدىكى كىشى)
ئىسھاقبېك (ئالدىنقى قاتاردىن ئوڭدىن 2 - كىشى)
ئالتايدا



ئىسھاقبېك (ئوڭدا) دەلىلقان

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى مەشھۇر ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى

## بۇ ساندا


ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلغان يېڭى
سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا بېرىشىغا ئائىت بىر قانچە ئىشلار توغرىسىدا ......ماھنۇر قاسىم 1

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى ئەسلەيمەن ..................... ۋېن پېيرەن 15

گېنېرال لېتنانت ئىسھاقبېكنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئىشلار ........ جاڭ گۇاڭخەن 38

دەلىلقاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى ......................
................... ئالتاي ۋىلايەتلىك تارىخىي تەزكىرە ئىشخانىسى رەتلىگەن 46

ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى......
..........گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى گاۋمىڭ ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى رەتلىگەن 53

مەدەنىيەت سېپىدىكى قەيسەر جەڭچى ......................................
...................... قاسىمجان قەمبىرىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 60


**تارىخ ھەققىدە بايان**


شىنجاڭ 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى.................................. 65

[illegible]
[illegible]

[illegible]


[illegible] 1
[illegible] 2
[illegible] 3
[illegible]
[illegible] 4
[illegible]
[illegible] 5
[illegible]
[illegible] 10


[illegible]


[illegible]

# ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا بېرىشىغا ئائىت بىر قانچە ئىشلار توغرىسىدا

ماھنۇر قاسىم



1946 - يىلى 11 - ئايدىن 1947 - يىلى 1 - ئايغىچە، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار گومىنداڭ نەنجىڭدا ئاچقان قورچاق «دۆلەت ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى» غا بارغانىدى، ھەمدە ئەشۇ پۇرسەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىكى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئالاقە باغلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ يولداش پېڭ گوئەننى بىر دانە رادىئوگىرامما بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابباسوف قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرگە شىنجاڭغا ئەۋەتكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان بىر ئىش.

ئۇ چاغدا، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى باش ۋەكىلى ئىدى. 3 ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولاتتى. دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەيتتى. بولۇپمۇ 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەر قانداق بىر كىچىك ئىشلىرىدىمۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراسىتى ۋە يۈكسەك ئىناۋەت - ئابرويى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ۋە يولداشلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ قارار چىقارماي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بولىدىغان ھېچقانداق ھەرىكەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا ھەر قانداق ئىشنىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ يول يوق ئىدى. مۇشۇنداق

بولۇشىنىڭ ئۆزىنى شۇ چاغدىكى شەرت-شارائىت بەلگىلىگەن بولۇپ، كۈرەش ئېھتىياجىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن نەنجىڭ سەپىرى توغرۇلۇق يولداش دىڭ لىيچۈن 1959-يىلى ئەھۋال ئىگىلەشكە بارغان لى جېڭشۈەن، چۈي خاڭبىن، گاۋزوڭ، لى تاۋ، ليالىيەن قاتارلىق يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە مۇنداق دېگەنىدى:

— 1947-يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزگەن. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوف قاتارلىق يولداشلار بىزنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىمىزغا كېلىپ يەنئەن بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ھەمدە غۇلجىدا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا، رەھبىرىمىز دۇڭ بىۋۇ يولداش پىلىڭ بەنگونى مەخپىي ئىشلار خادىمى سۈپىتىدە بىر دانە رادىئوگراممىا ئېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرگە شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇلار دەسلەپتە ئۈرۈمچىدە تۇرغان، تەنپەن بۇزۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا چېكىنىپ بارغان.

ھەممىگە ئايانكى، جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «10-ئۆكتەبر كېلىشىمى»نى بىر تەرەپلىمە ھالدا بۇزۇپ تاشلاپ، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشا چېگرا رايونلىرىمىزغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى-دە، بىر مەھەل خورىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭچىلار جياڭ جېشىنىڭ ئازاد رايونلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پىلانىغا پائال ماسلىشىپ، شىنجاڭ تىنچلىق شەرتنامىسىنى ئاياغ-ئاستى قىلىپ، 1947-يىلى ئۈرۈمچىدە 25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى تۇغدۇرۇپ، شۇ چاغدىكى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق خەلق ۋەكىللىرىگە مەخپىي زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە قارشى سىياسەتلىرى 3 ۋىلايەتتىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىشىگە بولغان ئىمكانىيەتنى يوققا چىقاردى، شۇڭا قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار غۇلجىغا چېكىنىشنى قارار قىلدى.

1947-يىلى يازدا، 3 ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەنۋەرخان بابا، خالى ئاباكلەر شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىكى ئىلغار ياشلاردىن خېرۇي قاتارلىقلار غۇلجىغا ئالدىدا قايتىپ كەتتى، ئەخمەتجان قاسىمى بولسا نىشان بەك چوڭ، سەللا ھەرىكەت قىلسا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ دىققىتىنى دەرھال قوزغاپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، پىلانىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئارقىدا قېلىپ قالغانىدى.

باشقا يولداشلار ئامان-ئېسەن يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىز قانداق پەم بىلەن گومىنداڭنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئالدىن تۈزگەن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتۇق. 8-ئايدا يېتىپ كەلگەن روزى ھېيت بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ھازىرلاپ بەردى، ئېسىمدە قېلىشىچە 8-ئاينىڭ باشلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆيدىكىلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ روزى ھېيت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى تارقاتتى. مەن ئائىلىدىكى ئىشلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتىم. كۆرۈنۈشتە بىز ناھايىتى خاتىرجەم ئىدۇق، ئەمەلىيەتتە جىددىي تەييارلىق

كۆرۈۋاتاتتۇق. كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىك ھۆججەت ماتېرىياللارنى بىر - بىرلەپ كۆيدۈردۇق. ئېلىپ كېتىشكە تېگىشلىك مەخپىي ھۆججەت ماتېرىياللارنى غۇلجىغا ئەۋەتتۇق.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، روزى ھېيتقا بىر ھەپتە ۋاقىت قالغان چاغدا مەن بىر ياشقا توشمىغان قىزىمنى ئېلىپ، ئاددىيغىنا نەرسە - كېرەكلەرنى ئالدىم - دە، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئۇزۇتۇشى بىلەن ئۈرۈمچى ئايروپىلان ئىستانسىگە بىللە كەلدۇق. ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى جايىدىن زادى يۆتكىمىدۇق، كۆرۈنۈشتە مەن يالغۇزلا يۇرتقا قايتىپ روزى ھېيتنى ئۆتكۈزىدىغاندەك، ئەخمەتجان قاسىمى بولسا ئۈرۈمچىدە داۋاملىق قېلىپ قالىدىغاندەك ئىدى. ئايروپىلان ئىستانسىگە كەلگىنىمىزدىن كېيىن ئايروپىلان قوزغىلىش ئالدىدا مەن ئالدىن قىلىشىۋالغان مەسلىھەت پىلانى بويىچە ئەخمەتجانغا بالىمىزنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزەمنىڭ ئېلىۋالغان ھېيتلىق نەرسە - كېرەكلەرنى يالغۇز بىر نېمە قىلالمايدىغانلىقىمنى، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئانا - بالا ئىككىمىزنى غۇلجىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدىم. دەل شۇ چاغدا بالىمىز يىغلاپ كەتتى، مەن بالىنىڭ دادىسىنىڭ بىرگە مېڭىشىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئەخمەتجان قاسىمى كۆرۈنۈشتە تەڭلىكتە قالغاندەك بولدى - دە، تەلىپىمگە ماقۇل بولماي ئامال يوق، يانچۇقىدىكى خاتىرە دەپتىرىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى يىرتىپ ئېلىپ، جاڭجىجۇڭ ئەپەندىگە قارىتا ئۆزىنىڭ غۇلجىغا بېرىپ روزى ھېيتنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاددىيغىنە بىر پارچە خەت يازغاندىن كېيىن ئۇنى بىرگە كەلگەن گومىنداڭنىڭ بىر ئەمەلدارىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، مەن بىلەن بىللە بالىنى كۆتۈرۈپ ئايروپىلانغا چىقتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا ئامان - ئېسەن ئۇچۇپ باردى.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 3 ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى كۈچەيتىش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى ئايىماي سەرپ قىلدى.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شەخسەن ئۆزى شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقىنى تەسىس قىلىپ ھەرمىللەت، ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنىڭ كەڭ دېموكراتىك بىرلىك سېپىنى قۇرۇش، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا قاراپ يېتەكلەپ ماڭدى. مانا مۇشۇ چاغدا مەنمۇ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا رەسمى ئەزا بولۇپ قاتناشتىم.

1949 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىسىدا، ليوشاۋچى، گاۋگاڭ، ۋاڭجياشاڭ قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى موسكۋاغا بېرىپ ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. يولداش دېڭلىچۈن ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرگە باردى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يولداش دېڭلىچۈن موسكۋادىن يولغا چىقىپ، ئالمۇتا ئارقىلىق 15 - كۈنى ئىلىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغا ئەۋەتكەن يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ھەققىدىكى تەكلىپ خېتىنى ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى كەڭساي ئەتراپىدا خەلق ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئىلىغا قايتىپ، يولداش دېڭلىچۈن بىلەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دېڭلىچۈن قۇرغان لىچۈن نامىلىق رادىئوگرامما

دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ، مەركەز بىلەن ئالاقە ئورنىتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار يولداش دىڭ لىيچۈننىڭ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە لىيچۈن ناملىق رادىئوگرامما ئارقىلىق مەركەزگە ئەھۋاللارنى بىر بىرلەپ دوكلات قىلدى.

ماۋجۇشىنىڭ ئەۋەتكەن خېتى ئۇلارغا ناھايىتى زور ئىلھام بەخش ئەتتى. چۈنكى خەتتە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ۋە خاراكتېرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خەتنىڭ تولۇق تېكستى ئازادلىقتىن كېيىن ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئاشكارا ئېلان قىلىنالمىدى-دە، كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. ھازىر بۇ خەت گەرچە كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇپ ئۆتۈشى ئۈچۈن بۇ خەتنى مەن يەنە قايتا كۆچۈرگۈم كەلدى.

شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىگە.

دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بارغان جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا شۇنىڭدەك جاڭجېيشىنىڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى دالا ئارمىيەلىرى، ھەرقايسى ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر شۇنىڭدەك چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنىنى ئېچىش تەييارلىق بىلەن كۆرگەندىن كېيىن 9-ئاي ئىچىدە ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرەشلىرىڭلار بولسا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمال رايونىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشى ئۇزاققا بارمايدۇ. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. بىز 5 نەپەر ئۆز ۋەكىلىڭلارنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ماقۇل كۆرسەڭلار 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېيپىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سوراپ رادىئوگرامما ئەۋەتتىم ھەمدە ئۇچۇر قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

**ماۋزېدۇڭ**

1949-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيپىڭدىن.

ئەخمەتجان قاسىمى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەۋەتكەن رادىئوگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال لىيچۈن ناملىق رادىئوگرامما ئارقىلىق يولداش ماۋزېدۇڭغا

تېلېگرامما يوللاپ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يولداش دېڭ لىچۈننىڭ يوللىغان رادىئوگراممىسى تۆۋەندىكىچە.

مەركەزگە:

ماۋجۇشىنىڭ تەكلىپ نامىسىنى ئۇلارغا تۈنۈگۈن ئاخشام بىۋاسىتە تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇلار خەتتە يېزىلغان: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرەشلىرىڭلار بولسا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن سۆزدىن ئىنتايىن رازى بولدى. ئۇلارنىڭ جاۋابىنى رادىئوگرامما ئارقىلىق يوللىدىم؛ تەكشۈرۈپ، تاپشۇرۇۋېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەكىللەردىن ئىككى كىشى ئىلىغا تېخىچە يېتىپ كەلمىگەنلىكتىن، ۋەكىللەر 22-چىسلا ئاپتوموبىل بىلەن يولغا چىقىدىغان بولدى. 23-چىسلا ئالمۇتادىن ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇدۇل چىتاغا بارىدۇ. مەركەز ئۇلارنىڭ 3 مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئالماقچى بولغان. ئۇلار جاۋاب قايتۇردى. تۆۋەندىكىچە دوكلات قىلىمەن:

بىرىنچى، ۋەكىللەرنى ئاشكارىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا، مەركەزنىڭ پىكرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلدى.

ئىككىنچى، ئۇلار ھەرقايسى تەرەپلەر ھەققىدە ماتېرىياللار ئېلىۋالدى، مەركەزگە تەپسىلىي دوكلات قىلىشنى خالايدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەشكىلىي شەكلى مەسىلىسى توغرىسىدا، ئۇلار يىغىن مەزگىلىدە مەركەزگە خەلقنىڭ پىكىرلىرىنى تولۇق ئىنكاس قىلماقچى. ئۇلار يەنە ئەگەر ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تولۇق چۈشىنىش يېتەرسىز بولۇش تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىدە خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا مەركەزنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، مەركەزنىڭ بارلىق يوليورۇقلىرىغا ۋە قارارلىرىغا سەمىمىيلىك بىلەن بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈچىنچى، ......(مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى قىسقارتتى) قوشۇمچە قىلىپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماۋجۇشىغا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسىنى يوللىدۇم.

مەملىكەتلىك خەلق يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە:

ئەۋەتكەن خېتىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. سىزنىڭ بىزگە قويغان مەسىلىلەرنى پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلق ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئۈمىد قىلىپ كەلگەن. بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى تەڭلا پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ غەلىبىسىدۇر. شۇڭا، بىز يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز ۋە ئىلھاملىنىمىز، ھەمدە بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقنىڭ يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىمىز.

دەپ ھۆرمەت بىلەن

ئالاھىدە رايوننىڭ خەلق ۋەكىلى **ئەخمەتجان قاسىمى**

8-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىلىدىن.

يولداش دىڭ لىيچۈن تېلېگىراممىسى ئارقىلىق مەركەزگە يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھاللىرىنى دوكلات قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنى داۋاملاشتۇرغان:

ۋەكىلنىڭ ئىپتىشىچە (ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى: - يېڭى كۈيەن، 1946 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوۋ قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ قورچاق دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان چېغىدا، يولداش دۇڭ بىيۇۋ ئۇلارنى مەخپىي ئىشلار ھادىسى قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن) بۇ 3 كىشى (ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاق بەگ، ئابباسوۋلارنى دېمەكچى) ۋەزىيەتنى ھەل قىلىشتا ئەڭ قادىر ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان كۆز قاراشلىرى ناھايىتى ئايدىڭ، ئۇقتىسادچىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، ئازدۇر - كۆپتۇر ماركسىزم - لېنىنىزم تەلىماتىنى ئوقۇپ ئۆتكەن، مىللىي ئىشلاردا ئىشەنچلىك ئىكەنلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر قانچە قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق، مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلار مۇشۇ جايدىكى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلىرى بولغان فېئودال ئىگىلىرى ۋە دىنىي كاتتىباشلىرىغا نىسبەتەن تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش يوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ دوست تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇقۇيۇق، بۇگۈن بىز بىلەن ئۇچراشقاندا سەممىي سادىق ئىكەنلىكى ئىپادىلەندى. لېكىن بۇگۈن يېتىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ئىگىلەشكە بولماي قالدى.

لىيچۈن

20 - كۈنى

يولداش دىڭ لىيچۈننىڭ رادىئوگرامما ئارقىلىق مەركەز بىلەن ئالاقە قىلىپ، يوللىغان تېلېگىراممىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ تېلېگىراممىلار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ۋە ھەربىي ھالىتىنى، سىياسىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ. تۆۋەندە يولداش دىڭ لىيچۈننىڭ 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركەزگە يوللىغان تېلېگىراممىسى:

مەركەزگە:

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالاھىدە رايون ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرغانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك رەتلەپ چىقتىم:

...... (ئاپتور قىسقارتقان)

دەسلەپكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋاللارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز يەنە ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايون بىلەن مىللىي پەرۋەرلىك ھەرىكەت قانات يايدۇرۇۋاتقان رايونلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىككى رايون ئىچىدە، ھەتتا بىر رايوننىڭ ئىككى تەرەپ ئىشغالىيىتىدىكى ئوخشىمىغان جايلاردا، گومىنداڭ بولسا قارىمۇ - قارشى سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىرىش ۋە باستۇرۇش سىياسىتىنى ئەتەي بىلىپ تۇرۇپ يۈرگۈزدى. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلىشى، ئاز سان-

لىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە قارىتا تېگىشلىك بولمىغان ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بولۇپ بەردى. قومانداnlىق شتابىدىن خەنزۇلارنى قوغداش ئۈچۈن، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بەردۇق. لېكىن ئاز ساندىكى خەنزۇلار سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنمۇ گومىنداڭنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ، يەنىلا گومىنداڭنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلىرىغا قېچىپ كېتىپ، گومىنداڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ مىللىي پەرۋەرلىك ھەرىكەت بىلەن قارشىلاشتى. بۇ ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قارىملىق ۋە ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بارغان ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىگە ئىلھام بولۇپ قالدى.

بىز مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئىچىدە تۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردۇق. بۇ كۈرەش جەريانىدا ئۆز كۈچىمىزنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى چۈشۈنەتتۇق. بىرلا ۋاقىت ئىچىدە سىرتقى جەبھەتتە گومىنداڭغا، ئىچكى جەبھەتتە فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشىمىزغا بولمايتتى. بىز پەقەت گومىنداڭ بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ، خەلق ئىچى ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويغىنىمىزدىلا بۇنداق مۈشكۈل قىيىن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

ئالدىمىزدا قۇدرەتلىك دۈشمەن تۇرىۋاتقان پەيتتە، بىز ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىمىز، مەيلى ئۇلار ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. كۆز ئالدىمىزدىكى قۇدرەتلىك دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقداشلىرىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەكسىچە تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش لازىملىقىنى بىلەتتۇق. چۈنكى بۇ جەرياندا، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ شوئارى خەلق ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىدى. بىز بۇ شوئارغا بويسۇنمىساق بولمايتتى. بىز بۇ شوئارغا ئەمەل قىلغاندىلا تەڭ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى قوزغاپ گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنى ئېلىپ بارالايتتۇق. دەل شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى كۈندە تۇرۇپ ئۆتكەنكى تارىخنى ئەسلىگىنىمىزدە، شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كەمچىلىكلەرنى ئاسان كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئازادلىق ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇم باشلىغاندىن كېيىن، بىز ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشنى باشلىدۇق. بۇ كۈرەشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خەلقنى دېموكراتىك خەلقچىللىق سىياسىتىنى ھىمايە قىلىشقا قوزغاش، خەلقنى دېموكراتىك سىياسەتنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، خىزمەتلىرىمىز كۈتكىنىمىزدەك بولمىدى. بۇنداق بولۇشتا مۇنداق ئىككى ئاساسىي سەۋەب بار:

1. قۇدرەتلىك دۈشمەن ئالدىدا، ئىچكى مۇناسىۋەتنى ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇشىمىزغا بولمايتتى.

2. ئەگەر بىز ئىچكى جەبھەتتىكى فېئودال كۈچلەرگە قارشى جىددىي كۈرەشنى باشلاپ قويساق، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر مۇستەقىل بولۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مىللىي ھەرىكەتنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلىرىمىزنى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىشىشكە جەلپ قىلىش ئارقىلىق شىنى-

جاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى پارچىلايتتى. بۇنداق بولغاندا، دۈشمەن بىلەن ئۆز كۈچىمىزنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىسىز تەسىرلەر كېلىپ چىقاتتى.

ھازىر ئىچكى قىسمىمىزدىكى ئەھۋال بولسا، دېموكراتىك كۈچلەر ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارىغاندا قۇدرەتلىك. ئەگەر بىز ئۇلارغا قارشى كۈرەشنى ئېلىپ بارمىغان بولساق بىزنىڭ كۈچىمىز يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا، بىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى دېموكراتىك ھەرىكەت بىلەن باراۋەر دەپ چۈشەندۈرۈشنى باشلىدۇق، خەلق بۇ ھەرىكەتكە يۈزلەندى. كۈچىمىز تېخىمۇ زورايدى. ھازىر دۈشمەن ئىچىمىزدە پارچىلاش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلالمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ رولى بولمايدىغان بولدى. ھازىرقى كۈچىمىز بىلەن ئورنىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىزنىڭ ھەركىمىزى ھەم جىددىي ۋەزىپىمىز شۇكى، بىز غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلقنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تايىنىپ كەلگەن كۈچلىرىمىز پەقەت دېھقانلار بولدى. ئىشچىلار يوق. دېھقانلارنىڭ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشلار ئەھۋالى ھەققىدە تېلېگرامما ئارقىلىق دوكلات قىلىپ بولغانىدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ماڭا شىنجاڭنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ۋە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

## بىرىنچى — مىللەت مەسىلىسى

شىنجاڭدا مىللەت مەسىلىسى ناھايىتى مۇرەككەپ. تارىختىكى ئەزگۈچى مىللەت بىلەن ئېزىلگۈچى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي سۈركۈلۈش ۋە ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن، بۇنداق سۈركۈلۈش ۋە ئۆچمەنلىك، ئەزگۈچى مىللەت بىلەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ئېغىرلاشقان ۋە مۇرەككەپلەشكەن. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، بۇ يەردىكى مىللىي پەرۋەرلىك ھەرىكىتى پانتۈركىستالىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان، بارلىق تۈركلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىيالىلار، بولۇپمۇ پېشقەدەم زىيالىلاردا پانتۈركىستالىزملىق ئىدىيە ناھايىتى چوڭقۇر.

## ئىككىنچى — دىن مەسىلىسى

بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى چوڭقۇر. شۇڭا، دىندارلارنىڭ كۈچى ئىنتايىن چوڭ. خەلق تۇيمىغان ھالدا دىندارلارغا قارىغۇلارچە ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە خۇراپىيلارچە ئىشىنىدۇ. قۇرئاندا جاھاندىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى جاھاندىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى بىر دۆلەت قىلىپ تەشكىللەشنى ئارزۇ قىلغان. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دۈشمەن دەپ ئاساسلا قارىۋال-

غان. ئەزكۈچى مىللەتلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئاسان پەيدا بولغان. ھالبۇكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بۇنداق شوئارلاردىن پايدىلىنىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك قىلىشتا بارلىق سۇيىقەستلەرنى پىلانلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى يەنە مۇنداق دېدى: بۇنداق ئىككى مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب، سانائەت يوق. سەۋەب ئىشچىلار بولمىغان، قالاق فېئودال يېزا ئىگىلىك بولغانلىقىدا. ئائىلىۋى مۇناسىۋەت جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلىق مۇناسىۋەت بولۇپ قالىدۇ. ئاتا بالا مۇناسىۋىتى قۇللارنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدۇر. شۇڭا، ئائىلىۋى نۇقتىئىنەزەر، قەبىلىۋى نۇقتىئىنەزەر، يەرلىك نۇقتىئىنەزەر چوڭقۇر بولماقتا. مۇشۇ سەۋەبتىن فېئودال كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھەدە ئېغىر ۋە مۇستەھكەم بولماقتا.

يۇقىرىقىلار بولسا ئۇنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قانچە قېتىملىق سۆھبىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسىي پىكىرلىرىدۇر. مەركەزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق ئىگىلىشى ئۈچۈن، مەن ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزمىدىم ھەم قىسقارتمىدىم. پەقەتلا يېزىق جەھەتتە ۋە ئىستىل جەھەتتە راۋانلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدىم.

## لىيچۈن

21 - كۈنى.

ئەخمەتجان قاسىمى دېڭ لىيچۈن بىلەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قىلىشقا باشلىدى ھەمدە مىللىي ئۆرپ - ئادەت بويىچە مەركەزگە سوغىلارنىمۇ ئېلىۋالغانىدى. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە كۆپ يىل مۇھاپىزەتچى ۋە مەخپىي ئىشلار خەۋەرچىسى بولۇپ ئىشلىگەن بىر نەۋرە ئىنىسى، شۇنداقلا مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم، ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن ئوسمانجاننى ئېلىپ، مەركەزگە سۇنىدىغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن غۇلجىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بايانداي مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلەر مەكتىپىدە باشقا ۋەكىللەر بىلەن جەم بولغاندىن كېيىن، قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى (ئۇ ۋاقىتتا لەنجۇ، شىئەن قاتارلىق جايلارنى گومىنداڭ ئىشغال قىلىپ تۇرىۋاتقان،) ۋاقىت قىس بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ، مانجۇرىيە ئارقىلىق دۆلىتىمىز چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن پويىز ئارقىلىق بېيجىڭغا يېتىپ بارماقچى بولغانىدى. بەختكە قارشى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئايروپىلان ئىركۇتسكى تەۋەسىدىكى بايكال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىدا چوڭ تۇمانغا ئۇچراپ تاغقا ئۇرۇلۇپ كېتىپ ئايروپىلان ئىچىدىكى بارلىق خادىملار بەختكە قارشى قازاغا يولۇقۇپ كەتتى.

ئاڭلىشىمچە، 27 - كۈنى ئىركۇتسكىنىڭ ھاۋارايى ئەھۋالى ناچار بولۇپ، ئايروپىلان قوزغىلالمىغانىكەن. لېكىن، 28 - كۈنى ئۇلارنىڭ چېگرىغا كىرىش ۋاقتى بولغانلىقتىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئايروپىلاننىڭ مەجبۇرىي قوزغىلىشىغا بۇيرۇق قىلغانىكەن. ئايروپىلان ھاۋا بوشلۇقىدا چوڭ تومانغا يولۇقۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن قانىتىدا قېلىن مۇز توڭلاپ كېتىپتۇ ھەم ئايروپىلان پەسىيىشكە باشلاپتۇ. ئايروپىلاندىكى خىزمەتچىلەر

يەردىكىلەرگە ئەھۋاللارنى ئۈزۈلۈكسىز دوكلات قىلغانىكەن، ئايروپىلاننىڭ ئېغىرلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۇلار ئارتۇق نەرسە كېرەكلەرنى يەرگە تاشلاشقا باشلىغان، بىراق مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىغانىكەن. يەنە ئاڭلىشىمچە ئۇچقۇچىلار ئايروپىلان ئىچىدىن ئۆمۈلەپ چىقىپ، ئايروپىلاننىڭ قانىتىدىكى مۇزلارنى چوقۇشۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئەڭ ئاخىر ۋەقە يەنىلا سادىر بولدى. بۇلار مېنىڭ كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىغىنىملا - خالاس.

راستىمۇ يوق بىلمەيمەن، تەكشۈرۈپ كۆرمىدىم. ئايروپىلان ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە باشقا نۇرغۇن گەپ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

1950 - يىلى ئىلىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، سوۋېت كونسۇلخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر ئورۇس ماڭا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئايروپىلاندا يۈرگەنلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى بارلىقىنى، ئۇمۇ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن 3 بالىسىمۇ قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، كېيىن يەنە ئايروپىلان ئۈستىدىكى 5 نەپەر 3 ۋىلايەت رەھبىرى بىلەن 3 نەپەر خىزمەتچىدىن باشقا، يەنە بىر قانچە رۇس خادىم ۋە ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى بولۇپ جەمئىي 18 كىشىنىڭ ھەممىسى قۇربان بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. يولداش ماخەنبىڭ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇيرۇق بويىچە شەرقىي شىمال رايونىدىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىر شۆبە ئەترىتىنى باشلاپ چىقىپ ھادىسە يۈز بەرگەن نەق مەيداننى 20 نەچچە كۈن ساقلىغانلىقىنى كېيىن ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇ قېتىمقى ئايروپىلان ھادىسىدە مەن ئىككى قېرىندىشىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. بىرى ئەخمەتجان قاسىمى، مېنىڭ يولدىشىم، شۇ يىلى 35 ياشقا كىرگەنىدى. يەنە بىرى ئوسمانجان، ئۇ 19 ياشقا كىرگەن. تويى قىلىنمىغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تاغىسى ناسىر شۇنداقلا دادامنىڭ سىڭلىسى پاتەمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئوسمانجان كىچىكىدىن تارتىپلا ئەقىللىق، ئىشچان تېتىك، زېرەك ئىدى. ماي بوياق رەسىم، قېرىنداش رەسىملەرنى سىزىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساز چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا بەك خۇشتار ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، دەسلەپتە ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەتكەن، كېيىن ئۇنى ئاساسەن مۇھاپىزەتچىلىك ۋە مەخپىي ئىشلار سۈدزىملىق خىزمىتىگە قويغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر ئايروپىلاندا ھادىسىگە ئۇچراپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ قۇربان بولۇشى شىنجاڭ خەلقىگە غايەت زور قايغۇ - ھەسرەت ئېلىپ كەلدى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلقىنىڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىك بىرلىك سېپى قايغۇلۇق ئېلان تارقاتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، يولداش ماۋزېدۇڭ قاتارلىقلارمۇ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدىن كۆپچىلىكنىڭ خەۋىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو يۈەن مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورۇنلارمۇ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. كۆپچىلىكنى ئەسلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەن ئۇلارنى كۆچۈرۈپ چىقتىم.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سۆيۈملۈك يولداشلارغا:

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبەگ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى يولداش ئابدۇكېرىم، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان ۋە شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدىكى يولداش لوجى 1949 - يىلى 9 - ئايدا بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بېيجىڭگە كېلىشىدە خەتەرگە ئۇچرىدى. بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. مەن ئۇلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 يولداش ھايات چېغىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. ئاخىرى يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىشى ئۈچۈن قۇربان بولدى، ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ يادە ئېتىشىگە ئەرزىيدۇ.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبەك، يولداش ئابدۇكېرىم، يولداش دەلىلقان ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
مەركىزىي خەلق كومىتېتى
نىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ
1949 - يىلى 11- ئاينىڭ 23 - كۈنى

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا:

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتىكى يولداش ئىسھاقبەك، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئابدۇكېرىم، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى يولداش دەلىلقان، جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى يولداش لوجىلارنىڭ بەختكە قارشى قۇربان بولغانلىقى شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. ئۇلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى
11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىكى يولداشلارغا:

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆل-

كىسىنىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبەگ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى يولداش ئابدۇكېرىم، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان ۋە شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدىكى يولداش لوجى شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلقى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىشىدا 1949 - يىلى 9 - ئايدا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، سەپەردە بەختكە قارشى قۇربان بولدى. بۇ، شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور يوقىتىش. مەزكۇر تېلېگراممىدا ئارقىلىق چوڭقۇر تەزىيەمنى بىلدۈرىمەن. بىزنىڭ ئورتاق تىرىشىش داۋامىدا قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە جارى قىلدۇرۇشنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىمەن.

مەركىزىي خەلق كومىتېتى
جىڭۋۇيۈەن
**زۇڭلىسى جۇئېنلەي**

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىكى سۆيۈملۈك يولداشلارغا:

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبەگ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى يولداش ئابدۇكېرىم، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان ۋە شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدىكى يولداش لوجى بېيجىڭغا كېلىش سەپىرىدە ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قۇربان بولدى. بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. سىلەرگە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ھۆرمەت بىلەن:

كومىتېتىڭلارنىڭ قايغۇلۇق ئېلانىنى ئوقۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى سىياسىي كېڭەش ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم، دەلىلقان، لوجى قاتارلىق 5 يولداشنىڭ قۇربان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ غايەت زور بىر يوقىتىش. كومىتېتىمىز چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ. كومىتېتىڭىزنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 يولداشنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

... شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى
[illegible] يولداشلارغا. [illegible]
... شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان مۇ-
ئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، يەنە ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم، دەلىلقان، لوجى قاتار-
لىق يولداشلارنىڭ بەختكە قارشى قۇربان بولۇشى شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈ-
چۈن غايەت زور بىر يوقىتىش. بىز ئۇلارغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈرىمىز. [illegible]
[illegible] مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى. [illegible]
[illegible] 1-1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى [illegible]
... ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار قۇربان بولغاندىن كېيىن، بۇ قايغۇلۇق
خەۋەر دەرھال خەلققە يەتكۈزۈلمىدى. بولمىسا كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى مۇم-
كىنمىدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە كەلگەندىلا شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھى-
مايە قىلىش ئىتتىپاقى ئېلان چىقاردى: [illegible]
... شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
رەئىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭدا
تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلات كومىتېتىنىڭ ھەي-
ئىتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى،
مىللىي ئارمىيىنىڭ گېنېرال مايورى، باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك، شىنجاڭدا تىنچ-
لىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە
شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ
باشقارما باشلىقى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن
باش كاتىپى يولداش ئابدۇكېرىم، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، 3 ۋىلايەت
ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئىتى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ
ۋالىسى قوشۇمچە مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، مىللىي قەھرىمان
يولداش دەلىلقان، جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى
يولداش لوجى شۇنىڭدەك بىرگە ماڭغان خىزمەتچىلەردىن: مايور ھەربىي مەسلىھەتچى
[illegible] شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاخبارات
باشقارمىسىنىڭ مۇخبىرى ئابدۇرېشىت ئىممىنوف، ئوسمان ناسىروف شۇنىڭدەك ئايروپىلاننىڭ
ئۇچقۇچىلىرى [illegible] ھاۋارايى ناچار بولغانلىقتىن، ئايروپىلان
ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى بەختسىزلىككە ئۇچراپ قۇربان بولدى. شىنجاڭدا
تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بارلىق ئەزالارغا
ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلققە چوڭقۇر قايغۇلۇق بىلدۈرىدۇ [illegible]
... ئۇلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى بىلەن، خەلقىمىز، شىنجاڭنى مۇستەملىكە ۋە
جاھانگىرلارنىڭ قول قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-
لانغان، شەرەپلىك جەڭچىلىرىدىن، مەڭگۈ ئايرىلدى. پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ئازادلىق
ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئەڭ ئاجايىپ پەرزەنتلىرى، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال
مايور يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوف، گېنېرال لېيتېنانت يولداش

دەلىلقان سوكورباييېۋ، يولداش لوجىلارنىڭ قۇربان بولۇشى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى شۇ-
نىڭدەك بارلىق دېموكراتىك ئازادلىق جەڭچىلىرى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. ئۇلارنىڭ
شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش سەپىدىكى قۇربان بېرىش روھى ۋە
مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە بولغان چەكسىز ساداقەتلىكى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەر قايسى
جايلىرىدىكى خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سوكورباييېۋ شۇ-
نىڭدەك لوجى قاتارلىق يولداشلارنىڭ كۈرەشچان روھى بىلەن دېموكراتىيە ۋە تىنچلىق
ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى شىنجاڭنى يېڭى دېموكراتىك جۇڭگونىڭ بىر ئىلغار رايونىغا
ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق جەڭچىلەر ئۈچۈن مەڭگۈ تەربىيە ۋە ئۈلگە بولىدۇ.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى.

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار خەتەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ
تەلىپىگە ئاساسەن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن سەيپىدىن
ئەزىزى، ئالىمجان، توجى قاتارلىق ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ۋەكىللەر قايتىدىن ئەۋەتىلدى.
1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنى، گومىنداڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ھەم
ئارمىيە مەركەزگە تېلېگرامما يوللاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
يولداشلار كۈرەش قىلغان نىشان ئەمەلگە ئاشتى. بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، شىن-
جاڭدىكى 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ بىرلىكسەپ تەشكىلاتى بولغان «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللىدى. بۇ
تېلېگراممىغا «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ ۋاقىت-
لىق مۇۋەققەت رەئىسى ئەسقەت (ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى بولغان) ئىمزا قويدى. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئەسقەتتىن تېلېگرامما:


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا:

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، بولۇپمۇ يېقىندا
غەربىي شىمالدا غەلىبە قازانغانلىقتىن جانابىڭىزنى شۇنىڭدەك يېڭى سىياسىي كېڭەشنىڭ
بارلىق ۋەكىللىرىنى تەبرىكلەيمەن. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت
خەلقى گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە دېموكراتىك يېڭى
تۈرمۇش ئاساسلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
سىياسىي ئېزىشى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللەتلەرنى خارلىشى شۇنىڭدەك مەدەنىيەتلىرىنى
ۋەيران قىلىشىدەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئۇچرىماقتا. بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئار-
مىيىسىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلىش ئال-
دىدا تۇرماقتا. بارلىق خەلقىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە بويسۇنغان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن غايەت زور ئىلھاملاندى ھەمدە يىغىندىن بۇرۇن داغدۇغىلىق ئاممىۋى چوڭ يىغىن

داۋامى 52 - بەتتە

# يولداش ئابدۇكېرەم ئاbباسوفنى ئەسلەيمەن

## ۋېن پېيرەن



چىقمايدۇ ئېسىمدىن چېگرادىكى ئەشۇ كۈنلەر.
قەلبداش بولۇپ بىز ئالماشتۇراتتۇق ئويى پىكىرلەر.
ئالدىراش بولساقمۇ توپ ئويناپتتۇق پات - پات،
تونىدى كىملەتتىنىڭ خەنزۇ تىلىنى مەندىن سوراپ.
يوللار ئەگرى كورەش ئۇستىگە كورەش.
ئاتلانغانىدىك قەيسەرلىك بىلەن جەڭگە سەن،
تارىم سۇيى قۇردىماس ئۆلمەيسەن پەقەت،
قەھرىمانە شىجائىتىڭ ئۆچمەس قەلبىمدە.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغىغان ۋە تەشكىللىگەن رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولغان يولداش ئابدۇكېرەم ئاbباسوفنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت-ھۆرمىتىم قوزغىلىدۇ. ئۇ 28 يېشىدىلا بىزدىن بەك بۇرۇن ئايرىلىپ كەتتى. بۇ قەھرىمان قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان قايغۇلىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يۇقىرىقى چېلۋي شېئىرنى يازدىم. ئۇ كىتىپ قالغان بولسىمۇ، «قەھرىمان ئوبرازى قەلبىمدىن كەتمىگەچ» قەلبىم سەل ئارام تاپتى.

مەن يولداش ئابدۇكېرەم ئاbباسوف بىلەن 1937 - يىلى ئەتىيازدا تونۇشقانىدىم. شۇچاغدا، مەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇدىر تەھرىرى ئىدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئابدۇكېرەم ئاbباسوف گېزىتخانىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپلا ھۆرمەت بىلەن «ۋېن مۇئەللىم، مېنى تونىدىيغانسىز؟» دېدى. مەن ئالدىمدا تۇرغان بۇ كېلىشكەن يىگىتنىڭ ناھايىتى تونۇشلۇقدەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم يۇ، شۇ ئەسنادا يادىمغا كەلتۈرەلمىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ «مەن ئاbباسوف بولىمەن. شىنجاڭ شۆيۈەنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. مەن باللار لەنچۇر كاماندىسىنىڭ ئەزاسى، سىز بىزگە تېرنىرلىك قىلغانىغۇ؟» دېدى. ھە — ئېسىمگە كەلدى - دە، ئۇلار باللار مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزگەندە بۇ ئۇيغۇر باللىنىڭ سەكرەش، گارغا توپ ئېتىش،

يۈكۈرۈشىنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى سەزگەن، ھەم ئۇلارغا لەنچۇر توپ تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەنىدىم. مەن شۇچاغدا دىيخۇا شەھەرلىك لىيەنجىك لەنچۇر توپ كوماندىسىنىڭ ئەزاسى ئىدىم. ئۇ توپ ئويۇنىشىمىزنى دائىم كېلىپ كۆرۈپ كېتەتتى.

مەن دەرھاللا «ئېيىشمىگە كەلدىڭىز، سىز لەنچۇر توپىنى يامان ئەمەس ئوينايدىكەنسىز.» دېدىم. ئۇ «ئەرزىمەيدۇ، تېخنىكام بەك تۆۋەن، ۋەن مۇئەللىم، بىر ئىش توغرۇلۇق سىزدىن مەسلىھەت سوراپ كەلدىم. مەن ئەدەبىياتنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبەكچە ئۇسسۇللارنى ئوينىيالايمەن، ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىناي دەۋاتىمەن، لېكىن، مېنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەم بەك تۆۋەن، خەنزۇچە خەت ئۆگىنىشنى ئەمدىلا باشلىدىم. يازغان ماقالىلىرىمنى كۆرۈپ تۈزىتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن» دېدى. شۇچاغدا، ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى ھەقىقەتەن تۆۋەن بولغاچقا، يازغان ماقالىلىرىنى ئەينەن ئېلان قىلىشقا بولمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى ئىزدەپ دائىم كېلەتتى. ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئۆزگەرتىپ بېرەتتىم، بەزىدە گېزىتتە ئېلان قىلدۇراتتىم. گېزىتتە ئېلان قىلدۇرغان ماقالىلارنىڭ كۆپىنچىسى شېئىر ياكى قىسقا ئوچېرك ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئائىلەمگە دائىم كېلەتتى. مېنىڭ ماقال يېزىش ئۇسۇلى ۋە جۇڭگو تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. بۇچاغدا ئۇنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشى خۇمارلىق دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. بەزى ۋاقىتلاردا، كېچە بولۇپ مەن يېتىپ قالغان چاغلاردا، ئۇ ئىشىك چېكىپ خەنزۇچە ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمگە مەجبۇرى قىلاتتى. مەن بۇ يىگىتنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئىنتايىن قايىل بولغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا ماركسىزم - لېنىنىزم، سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى، ستالىننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى قاتارلىقلارنى غەرەزلىك ھالدا تەشۋىق قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى باردى - كەلدى تېخىمۇ كۆپىيىپ، دوستلۇقىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابباسوف ئابدۇكېرىم ئىكەنلىكىنى، دىيخۇادا خەلقئارا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەر ئىكەنلىكىنى، دائىم شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىلىقىدا يۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئابباسوف 1921 - يىلى قازاقىستاننىڭ لاگىلا شەھىرىنىڭ (بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پورۋاركېسكى) دە دۇنياغا كېلىپ، 4 يېشىدا ئاپىسىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كەلگەن. 1936 - يىلى دىيخۇاغا كېلىپ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1937 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىگە كىرىپ ئوقۇغان. شۇچاغدا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئۆتەتتى، ئابباسوف خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشتىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەچكە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى دائىم ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى.

1937 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭشىسەي ئامبىلى «سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسى شىنجاڭدا قوزغىلاڭ قىلىش قەستىدە بولغان» دېگەن يوق بەتنام بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. مەن، نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن چېتىلىپ تۈرمىگە تاشلاندىم؟ بۇ جەرياندىكى مەسىلىگە ئۆزەم قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەي: «18 - سېنتەبىر» دىن بۇرۇن ... چاۋشيەنلىكلەر قوزغىغان شىمالىي ماجۇرنىيە جاھانگىرلارغا قارشى ... قارشىلىق كۆرسىتىپ جۇڭگو كومۇنىستلىرى ...

نىستىك پارتىيىسىنىڭ شىمالى مانجۇرىيە ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدىم.

1930 - يىلى يولداش سوڭچىڭلىڭ جايلاردىكى تارقاق تەشكىلاتلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ جۇڭگودا جاھانگىرلارغا قارشى چوڭ ئىتتىپاقنى قۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىرتقى تەشكىلاتى قىلدى. شۇچاغدا ئىتتىپاق ئەزالىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتناشقاندىن كېيىن كاندىدات مەزگىلى يوق ئىدى. مەن بولسام 1932 - يىلى 2 - ئايدا بېيپىڭ شەھەرلىك غەربىي جەنۇب رايونىدىكى 48 - ياچېيكىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئىدالمىشىپ ئەزا بولغانىدىم. مېنى لىي تۈيجى پارتىيىگە تونۇشتۇرغان، لىچاڭچىڭ نازارەتلىك قىلغان. 1934 - يىلدىن 1935 - يىل يىل ئاخىرىغا قەدەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىمالىي بيۇروۋنىڭ تىيەنجىن شەھەرلىك كومىتېتىدا تەشۋىقات ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىدىم. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىچىسىنى لاۋشۇڭ دەپ ئاتايتتۇق. لېكىن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ۋاڭدې، مېنى لىيپېي دەپ ئاتاشنى بەلگىلىدۇق. شىمالىي بيۇروۋدىكىلەر مېنى شاۋلىي دەپ ئاتايتتى. 1935 - يىلى خائىن سۇئەنرېننىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن تەشكىلىمىز ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى. دۈشمەن ئىشپىيونلىرىنىڭ پايلاقچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىپ يەر ئاستى تەشكىلاتىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى تىيەنجىن (شەرقىي رايونلۇق پارتكوم بىلەن تاڭگو رايونلۇق پارتكوم) بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىمنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. تەشكىلنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق 1936 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭغا كەلدىم. شۇچاغدا شىڭشىسەي ئىنقىلاب ۋە ئىلغار پەرۋەرلىك تونىغا ئورىنىۋالغانىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلانغانىدى. مەن شىنجاڭغا كەلگەندە مېنى شەرقىي-شىمالدا بىرگە ئىشلىگەن كونا تونۇشۇم چۇچۇنخۇي بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن ئەۋەتكەن كومپارتىيە ئەزاسى ۋەن ئەپەندى بېكەتكە كېلىپ كۈتىۋالدى. ۋەن ئەپەندى شۇچاغدا شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. ۋەن ئەپەندى مېنى جاھانگىرلارغا قارشى باش ئىتتىپاقنىڭ باش كاتىپى يولداش ۋاڭشۇچىڭغا تونۇشتۇردى. ۋاڭشۇچىڭ مەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە: «3 - ئىنتېرناتسىئونالدىن بىزنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، ستالىن شىنجاڭدا تەشكىل قۇرماسلىق، جۇڭگو ج ك پ يەرلىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلات مەسىلىسىگە ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، دېدى. لېكىن، ماڭا نىسبەتەن يولداش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ھەپتە ئارلاپ ئۇيۇشتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشىگە قاتناشتىم ھەمدە ماڭا تەقسىم قىلىپ بەرگەن گېزىتخانىنىڭ تەھرىر مۇدىرى، قوشۇمچە بەتنىڭ تەھرىرى، جاھانگىرلارغا قارشى باش ئىتتىپاقى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۇنىڭدىن باشقا 1 - سىفەن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدىم. شىنجاڭ شۆيۈەندە ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئائىت دەرسلەرنى سۆزلەش خىزمىتىنى ئىشلىدىم. مۇشۇ مەزگىلدە، مەن سوۋېت پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لەنباۋتىڭ قاتارلىقلار بىلەن تونۇشقانىدىم. 1937 - يىلى 11 - ئايدا شىڭشىسەي ۋاڭشۇچىڭنى

سوۋېت كومىتېتى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولغان دېگەن جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئالدى. قوش 12 ماددا ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن، ۋەنشەنتىڭ، جاڭزېمىن بىلەن مېنى قولغا ئالدى، بۇ قېتىمدا چېتىشلىق سەۋەبىدىن كوممۇنىستلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشى تۈرمىگە تاشلاندى. باشقا ئاتاقلىق ئەربابلار مەسىلەن، 10 پروفېسسور قاتارلىق نەچچە مىڭدىن ئارتۇق ئاممىغا چېتىلدى. مانا بۇ شىڭشىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئاتاغلىق ناھەق ئەنزە — ئاتالمىش قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قەستى ئەنزىسىدۇر.

1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى يولداش لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەندە ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتىدى. ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىغا ئىنقىلاب تەربىيىسىنى بەردى. ئۇ ئازسانلىق مىللەت ياشلىرىغا نىسبەتەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقاتتى. ئابباسوف شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە يولداش لىن جىلۇغا ناھايىتى چوقۇناتتى. 1945 - يىلى 5 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىلىدا لىن جىلۇنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يولداش لىن جىلۇغا تەزىيە بىلدۈردىغان بىر كوبلېت شېئىر يېزىپ ماڭا ئەۋەتكەنىدى. مەن ئۇنى خەنزۇچە بوغۇملۇق قەدىمىي شېئىرغا تەرجىمە قىلىپ چىققانىدىم. شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شۇم خەۋەر كەلگەندە ئۈرۈمچى تامان،
ياشلىرىم بولدى بۇلاق، بولدى قىيان،
نۇر چاچار مەڭگۈگە ئۇستازنىڭ روھى
ئىنقىلابىي جۈرئىتى ياشنار ھامان.

ئۇ يېتىشتۈرگەن كۆچەت ئۆستى تېمەن،
ئىلىدا قىلدى ئادالەت تۇغى جەۋلان.
ئۈچ ۋىلايەتتىن تۇمەن تۇلپارمۇ چۈشتى بەيگىگە،
پۈركىنىپ يالقۇنغا بۈندا تاغ - داۋان.
چۈشتى سەكراتقا تامام ئالۋاستى - جىن،
خۇددى تاشتەك چىڭ ئۇيۇشقاچ ئىشچى - دېھقان.
جەڭگە ئاتلاندۇق كېرىپ كۆكرەك، مانا،
ھەق تۇغىنى رەڭلىگەي ئۆز بىزدىكى قان ①

1938 - يىلى شىڭشىسەي ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئاتىسى ئابباسوف ئابدۇكېرىمنى قولغا ئالدى. ئابباسوف شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىنى پۈتتۈرمەيلا خائىن ئائىلىسى نامى بىلەن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىندى. 1939 - يىلى ئۇ ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىندى. ساۋەندە ئۇ بىر ئۇيغۇر، قازاق مەكتىپىدە خەنزۇچە تىل ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ دەرسنى ياخشى ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۇ بىر خەنزۇ ئائىلىسىدە يېتىپ - قوپۇپ، ئوقۇتقۇچىلىقتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنى مۇراجەت قىلىپ تۇردى. ئۇ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى بەك ھۆرمەتلەيتتى.

1942 - يىلى ئابباسوفنىڭ سۈرگۈن قىلىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىدە تەرجىمان بولۇپ، ئىشلىدى ھەم ئىلى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇ چاغدا ئۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئايال ئوقۇتقۇچى ياڭفىڭيى بىلەن تونۇشتى. يولداش ئابباسوف ياڭفىڭيى بىلەن جاپا ھالاۋەتتە بىرگە بولۇپ، بىر - بىرسىنى قوللىدى. ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزمنى، مەدەنىيەتنى بىرگە ئۆگىنەتتى. خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى تاۋلىدى. شىڭشىسەينىڭ ئەكسەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ئىدىيىسى تەدرىجىي شەكىللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئۇرۇغى بىخلىنىشقا باشلانغانىدى.

1942 - يىلى، مەن شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدە بولدۇم. دەسلەپكى خوتۇنۇم لىي شىنخۇا ئىلىدىكى قىزىل دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتاتتى. سەكرەتكە چۈشكەندە ئۇ شىڭشىسەيگە بىر پارچە جۇدالىق خېتى يېزىپ، مېنى قويۇپ بېرىشنى، ئۇنداق قىلمىسا 3 بالىنى باشلاپ دىخۇادىكى دوبەن مەھكىمىسىگە كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا جەمئىيەتتە مېنىڭ سەل نامىم چىققاچقا، شىڭشىسەي ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ، جەمئىيەتتىكى جامائەتنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن قورقۇپ، مېنىڭ ئىلىغا بېرىپ ئائىلەمنى يوقلاشقا يول قويىدى ھەمدە جازا مۇددىتىنىڭ توشقانلىقىدىن قويۇپ بەرگەنلىك ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. مەن ئىلىغا بارغاندىن كېيىن، لىي شىنخۇانىڭ جەسىتى ئاللا بۇرۇن قېتىپ قالغانىدى.

مەن رەھمەتلىك خوتۇنۇمنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، شۇ چاغدىكى 10 چوڭ پروفېسسورلارنىڭ باشلىقى بولغان شوي بودا (قوشۇمچە) مۇھاپىزەتچىسى مېنى مەمۇرىي مەھكىمىگە چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ: «سەن گۇناھ بىلەن ئىلىغا كەلدىڭ، قابىلىيىتىڭنى نەزەردە تۇتۇپ خىزمىتىمگە ياردەملىشىشىڭ ئۈچۈن شىڭدوبەننىڭ رۇخسىتىنى ئالدىم. لېكىن، ئىلىدىن ئايرىلىپ كېتىشىڭگە يول قويۇلمايدۇ» دېدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىراق، ۋىن ئەپەندى خىزمەت ۋەزىپىسى ھەققىدە ئويلانماڭ، كوچاڭلىقتىن يۇقىرى مەنسەپ سىزگە تەگمەيدۇ» دېدى.

ئەتىسى شوي بودا خېلى كاتتا قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، مەھكىمىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتناشتى. شوي بودا كۆپچىلىككە: «مانا بۇ ۋىن - چىڭجاڭ ئەپەندى بولىدۇ، ئۇ بىلىملىك ئادەم، شىڭ دوبەننىڭ 6 چوڭ سىياسىتىنى لايىھىلىگەنلەرنىڭ بىرى. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتىنىڭ باش تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. سوۋېت پارتىيە تارىخى ھەققىدە دەرس ئۆتكەن. مەن ۋىن چىڭجاڭ ئەپەندىنىڭ تالانتلىقلىقىغا چوقۇنىمەن. شۇڭا دوبەنكە تېلېگرامما بېرىپ چىڭجاڭ ئەپەندىنىڭ ماڭا ياردەملىشىپ خىزمەت ئىشلىشى توغرۇلۇق يوليورۇق سورۇدۇم. دوبەن ئۇنى خىزمەتكە رەسمىي تەيىنلەشتىن بۇرۇن، چىڭجاڭ ئەپەندى مەھكىمىمىزدە مۇۋەققەت يېتەكچى قوشۇمچە بىرىنچى بۆلۈمنىڭ مۇۋەققەت بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەچ تۇرىدۇ» دېدى.

ئىلى مەھكىمىسى قارمىقىدا تۆت بۆلۈم تەسىس قىلىنغانىدى. مەھكىمە باشلىقىدا يېتەكچىدىن بىر كىشى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۆلۈملەر ئۈستىدە تۇراتتى. مەھكىمە باشلىقى ئورنىدا ئىلىغا قاراشلىق 12 ناھىيىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە

ھەقلىق ئىدى. بىرىنچى بۆلۈم مەمۇرىي ئىشلارنى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئارماقلار
(كۆمۈر كان، ئېلېكتر ئىستانسى، كوپېراتىپ قاتارلىقلار)نى باشقۇراتتى. ئەمىلىم كىچىك
ئەمەس ئىدى. شۇ يبودا ماڭا ھەقىقەتەن دۇنيا يىغىدىغان ياخشى خىزمەت بەرگەنىدى.
بىراق ئۇنداق قىلىشنىڭ ئىمېنى بىلمەيتتىم. شۇچاغدا شۇي بوداننىڭ نېمە قىلماقچى بول-
غانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن لەۋزىدە تۇرمايدىغانلىقىنى بىلمىگەنىدىم. تاكى قىيىن-قىس-
تاققا چۈشكەن چېغىمدا، ئاندىن شۇي بودانىڭ كەلگۈسىدە مېنىڭ كوممىنداڭغا ئەزا بولۇپ
كىرىشىم ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلدىم.

مەن بىرىنچى بۆلۈمنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ئىشقا چۈشكەن چېغىمدا، ئابباسوۋنىڭ
ئىشخانىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا گويا كىچىك بالىدەك مېنى قۇ-
چاقلاپ «ۋەن مۇئەللىم، سىز ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭىز» دېدى. دۇرۇس، مەن ئەركىنلىككە
ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، مېنىڭ ئېرىشكەن بۇنداق «ئەركىنلىك»كە نىسبەتەن
مېيىغىمدا ئاچچىق بىر كۈلۈپلا قويدۇم. ئابباسوۋنى كۆرۈش بىلەنلا مەندە «ئەل يۇر-
تىدا مۇساپىر غېرىب لۇقۇش» ھېسسىياتى بولدى. مەن دەرھال ئۇنىڭدىن «بۇ يەرگە كېلىپ
قاپسىزغۇ؟» دەپ سورۇدۇم. «مەن بىرىنچى بۆلۈمنىڭ تەرجىمانى بولىمەن، قىزلار مەك-
تىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنىمۇ ئىشلەۋاتىمەن. باركاللا، ۋەن مۇئەللىم، يەنە بىر يەرگە
كېلىپ قالدۇق» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. بۇ چاغدىكى ئابباسوۋ «دۆلەت تىلى»نى
راۋرۇس راۋان سۆزلىيەلەيتتى. ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ، ئىشخانىدا باشقا ئادەمنىڭ
يوقلىقىنى كۆرۈپ «5 يىللىق تۈرمە تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، چاپا چەكتىڭىز، ئۇ كىشىلەرنى
سىنايدىغان جاي-ھە!» دېدى-دە، سىرلىق كۈلۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى دەر-
ھال چۈشەندىم-دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ» ئابباسوۋ، ئالدىڭىزدىكى ۋەن چىڭجاڭ يەنىلا بۇ-
رۇنقى ۋەن چىڭجاڭ. خاتىرجەم بولۇڭ! ھەقىقىي ئىنقىلابچى. يامانغا بۇزەك بولمايدۇ،
ئەيشى، ئەشرەتكە بېرىلمەيدۇ، گاداي ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. قانداق بولار كۆپ پايە
بولار!» دېدىم، ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپلا خۇشال بولۇپ ئېچىلىپ كۈلدى.

ئابباسوۋ ھۈسەن باينىڭ ئائىلىسىدىن ماڭا ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ
بەردى. بىز يەنىلا كېچە-كۈندۈز ئىناق ھاياتنى باشلىۋەتتۇق. ئابباسوۋ ئىنقىلابقا
تەلپۈنۈپ، كوممۇنىزم ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشنى خالايتتى. ئۇ ئىلىدا جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا تەكلىپ بەرگەنىدى. مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن
كېيىن، تەشكىلىي مۇناسىۋىتىم تا 1938-يىل يىل ئاخىرىسىغىچە ساقلاندى. كۆپ يىللىق
تۈرمە تۇرمۇشى سەۋەبىدىن مېنىڭ تەشكىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلۈپ قالغاچقا،
ئۆز نامىم بىلەن تەشكىل قۇرۇش تەشكىلىي رەسمىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. بەزى كونكرېت
خىزمەتلەرنى ئىشلىگەچ تۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈشنى توغرا تاپقانىدىم. كېيىن،
ئابباسوۋنىڭ تەكلىپى بىلەن بىز «ماركسىزم-لېنىنىزم گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ چىقتۇق.
دەسلەپتە ئابباسوۋ ياۋفىڭيى، زاكىروۋ بىلەن مەن گۇرۇپپا ئەزاسى ئىدۇق. سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئابباسوۋ سوۋېت كونسۇلخانىدىكى ئىككى
كىشىنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىرى 3-ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاخباراتچىسى ۋارشىلى
ۋاشنوۋچى ئىدى. يەنە بىرى بولسا سوۋېت تەۋەسىگە ئۆتكەن جۇڭگو جىبانلىق سۇ فامى-
لىلىك تەرجىمان (كىشىلەر ئۇنى سۇ تەرجىمان دەپ ئاتايتتى، ئىسىم-فامىلىسى يادىم-

دىن چىقىپ كېتىپتۇ) ئىدى. ۋارىسلى ۋاشنۇۋچى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مەن ئۇلىنىڭ
لەنباۋتىڭنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ ئاخباراتچىسى
ئىكەنلىكىنى بىلدىم. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندىن كېيىن ئۇ ھەربىي مەسلىھەتچى
بولدى. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم گۇرۇپپىسىغا سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن ئىككى
كىشى قاتناشتى. كېيىنكى كۈنلەردە ماركسىزم - لېنىنىزم گۇرۇپپىسى تەشكىلىنى كېڭەيتىپ
ئىلىدا بىر قانچە گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقتى.

ماركسىزم - لېنىنىزملىق گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا شىڭشىسەيگە قارشى تۇرۇش، گومىن-
داڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي، دېموكراتىك ئىنقىلابىي كۈرەشنى قانات
يايدۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى. كەڭ ئاممىنى شىڭشىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش
كۈرىشىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش ئېنىق بەلگىلەندى.

1943 - يىلى 8 - ئايدا، شىڭشىسەي ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋالغان نىقاۋىنى يىر-
تىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزى گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، باجىسى ۋاڭ خۇڭشاۋ، 5 - ئىنىسى شىڭشىخى جاڭجېشى بىلەن
ئۇچۇرشۇشقا ئەۋەتىپ، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇشقا
تەييارلىق كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇاڭ رۇجېن باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك
داڭبۇسى قەپەزدىن چىقىشى، ئىلىدا بولسا جاڭيۇ باشچىلىقىدىكى ئىلى ناھىيىلىك داڭبۇ
قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك خادىملارنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىن-
لەشنى توختىتىش، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى توختىتىش،
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرۇشتىكى كونكرېت
ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بولدى. جۇڭگو سانائەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان دۆلەت ئىدى. 8
يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك
مەھسۇلاتلىرى، ئىمپورت قىلىدىغان تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق ئىمپورت سودا
ئېغىزلىرى ئېتىلىپ، پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بىرلا يول قالغانىدى. شىن-
جاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى مۇقەررەر يوسۇندا سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك خادىملارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈ-
رۈپ چىقاردى. لېكىن، بىۋاستە زىيانغا ئۇچۇرىغىنى شىنجاڭدىكى كەڭ دېھقان - چارۋى-
چىلار ئاممىسى بولدى. ئېھتىياجلىق ماددى ئەشيالارنىڭ كېلىش مەنبەسى بولمىدى، ئىشلەپ-
چىقىرىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىش يولى ئۈزۈلدى - دە، سوۋېت ئىت-
پاقى چېگرا چازىلىرىدا سودا ئورۇنلىرى قۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن شىن-
جاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى توسىمدىن ئېتىلىپ چىققان كەلكۈن سۇدەك چەتكە ئېقىپ
كەتتى. شېكەر، رەخت، گەزلىمىلەردەك ھەرخىل چەتئەل ماللىرى ھەر قايسى چېگرا چازى-
لىرى ئارقىلىق كۆپلەپ كىرگۈزۈلدى. ئىلى بىلەن سوۋېت چېگرىداش بولغان ناھىيىلەرنىڭ
چېگرا ئامانلىقىنى ساقلاشقا ئامال بولمىغاچقا، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسى: «چېگرىدىكى قا-
نۇنسىز سودا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش لازىم.» دېگەن پەرماننى
تاپشۇرۇپ ئالدى. مەن نازارەت قىلغۇچى دېگەن خىزمەتنى ۋەكالەت ئۆتىگەنلىكىم ئۈچۈن،
ماڭا 12 ناھىيىدىن ھەربىي ئات سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئاشكارە ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.
مەخپىي ۋەزىپەم بولسا چېگرا چازىلىرىدىكى قانۇنسىز سودا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشتىن

ئىبارەت بولدى. شۇ سەۋەبتىن «ۋىن چەنجاڭ تەرجىمانىنى باشلاپ 12 ناھىيىنى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كۆچۈردى» دېگەن گەپ مەيدانغا كەلدى.
مېنىڭ ئابباسوف بىلەن 12 ناھىيىلىك داڭبۇنى تەكشۈرۈشىم ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىپە بولغانىدى. ئەگەر گومىنداڭ تەرىپىدە تۇرغاندا تەكشۈرۈپ كۆزدىن كۆچۈرۈش ياستۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ - دە، دېھقان، چارۋىچىلار تەرىپىدىن سىزىۋېلىندىغان بولسا، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قەست قىلىشقا ئۇچراش ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن ئىش بولاتتى. لېكىن، گومىنداڭ تەكشۈرۈپ كۆزدىن كۆچۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن بىر ئاز ئەھۋاللارغا ئىگە بولمىسا تەن بەرمەيتتى. شۇڭا، بىز «ماركسىزم - لېنىنىزملىق گۇرۇپپا» ئىچىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ ۋە پىلانلاپ، ۋاشلى - ۋاشلۇچىنىڭ ئالاقىدار تەرەپلەرنى خەۋەرلەندۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ھەربىي ئات سېتىۋېلىشنى نىقاپ قىلىپ، قوزغىلاڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنى قوللاش، تەشۋىقات قىلىشتۇق ۋە ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىدىن كۆپ خەۋرى بولغاچقا، گەپ - سۆزلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، ماگنىتېتەك كەڭ ئاممىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. شىڭشىسەيگە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كەيپىياتى دەرھال قوزغىلىشقا بولىدىغان دەرىجىگە يېتىپ يەتتى. بۇ چاغدا بىز ۋاشلىنىڭ بىزنىڭ ئىلى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ نازارەتلىكىدە قالغانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ھەر بىر ناھىيىگە بارغاندا چوڭ يىغىن ئېچىپ، مەن نۇتۇق سۆزلەشنى، پەقەت ھەربىي ئات سېتىۋېلىشنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىكى ئەھمىيىتىنىلا ئاشكارە سۆزلەشنى قارار قىلدۇق. ناھىيىلىك ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ بىزنىڭ تەكشۈرۈپ كۆزدىن كۆچۈرۈشىمىزگە ھەمراھ بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف يېزىلارغا يالغۇز بېرىپ ھەرىكەت قىلدى. شۇ چاغدا ئاما قورال مەنبەسىنى قانداق قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف كۆپچىلىك خاتىرجەم بولۇڭلار، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىز بولىسا قارغۇلارچە قوزغىلاڭ كۆتۈرمەيمىز دەپ پوزىتسىيە بىلدۈردى.
بىز ئالدى بىلەن غولجا، موڭغۇلكۈرە تېكەس، توققۇزتارا گۈڭخا (نىلقا،)دىن ئىبارەت 5 ناھىيە، كۈنەستىن ئىبارەت بىر ئىدارە قىلىش ئىدارىسىنى «كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەكشۈردۇق» خۇلاسىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى تۈركۈمدە سۈيدۈڭ خېنەن (چاپچال) قورغاس، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ 6 ناھىيىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەكشۈرۈپ، ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلىدۇق.
ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ياڭ فىڭيى بۇ چاغدا ئەڭ يېقىن يولداش ۋە سەبداش بولۇپ قالغانىدى. مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېنىك دەرىجىلىك يېقىنلا كۆرۈش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ياڭ فىڭيى بىر پارچە ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابىنى كۆرۈۋاتقاندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف شەپە چىقارماستىن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىدۇ. ياڭ فىڭيى شەپە بارلىقىنى سېزىپ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كىتابىنى كەينىگە تىقىۋالىدۇ - دە، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن خاپا بولۇش ئەلپازىدا: «سىز ئەدەپ ھۆرمەت دېگەننى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنسىز، ئۆيگە كىرگەندە خەۋەر قىلمايلا قالماستىن، خەقنىڭ كۆرۈۋاتقان كىتابىنى ئوغۇرلۇقچە كۆرىدىكەنسىز، — دەيدۇ،

نېمە دەۋاتىسىز، ئەدەپ، ھۆرمەت؟ بىز ئىشپىيونلار بۇنداق نەرسىنى ئەزەلدىن بىلمەيمىز. مەن سىز كۆردىۋاتقان كىتابنى كۆرمەي قويمايمەن — دەيدۇ ئابدۇكېرىم. ئابباسوف چاقچاقلىق بىلەن كىتابنى تارتىپ ئالىدۇ - دە، جۇرۇڭ، ياڭ خانىم، — قايەرگە بارىمىز؟ — ساقچىلار ئىدارىسىگە: — ھۆرمەتلىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەپەندى، ئىسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، كىتاب ئۈستىگە سىزنىڭ ئۇلۇغ ئىسىم - فامىلىڭىز يېزىلغان — دېدى ياڭفىڭيى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف كۈلۈپ تۇرۇپ ياڭفىڭيىغا: «فىڭيى، بۇندىن كېيىن ھەممىمىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئىشىكنى ياخشى تاقاشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ھازىر ھەممە يەردە پايلاقچى بار. شىڭشىسەينىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارلاندى. بىزدە سەل سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئۆزىمىزگە زىيان كەلتۈرۈپلا قالماستىن يولداشلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ قويىمىز» دېگەن. ياڭفىڭيى بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولغان.

1943 - يىلى يازدا، گومىنداڭ ئىلىدا گومىنداڭ داڭبۇسى قورماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن تەييارلىق كۆرۈش ھەيئەتلىكىنى تەسىس قىلدى. شۇ بودا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئەتلىكىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەيدى. گومىنداڭ تەرىپىدىن ئىلىغا ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ ناھىيىلىك داڭبۇسىنىڭ شۇجىسى جاڭيۇ 12 ناھىيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتتى. شۇ بودا مېنى تەييارلىق كۆرۈش ھەيئەتلىكىنىڭ باش كاتىپى قىلىپ تەيىنلىدى. مەن ئۇنداق قىلىشنى قەتئى رەت قىلدىم - دە، ئازىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شۇ بودا ماڭا شىڭ دوبەندىن رادىئو گرامما كېلىپ «ئۇ (مېنى دېمەكچى) بوياققا كېلىندىغان ئاپتوموبىل بىلەن ئۈلكىگە قايتىپ كەلسۇن» دېگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئايانكى، ئاتالمىش «ئۈلكىگە قايتىپ كەلسۇن» دېگەنلىك «تۈرمىگە تاشلانسۇن» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب بولسا مېنىڭ گومىنداڭغا ئەزا بولۇشنى رەت قىلغانلىقىمدىن بولغانلىقىمۇ ماڭا ئايدىڭ ئىدى. شۇ بودا، جاڭ بۇلەر شىڭشىسەيگە دوكلات قىلغانلىقى ئۈچۈن تېگىلگەن ئاپەت ئىدى.

مەن توي قىلغىنىمىزغا ئەمدىلا 2 ئاي بولغان جۇرىيەم جاڭلىيەنلىڭغا 10 نەچچە كىيىم - كېچەك ۋە تۈرمىدە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە كېرەكلەرنى تەييارلاتقۇزدۇم. جۇرىيەم تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا قېچىپ بېرىشقا نەسىھەت قىلغانىدى. لېكىن، مەن كەينىمدە «مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر»نىڭ بارلىقىنى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئائىلەمنىڭ ئەتراپىدا پايلاقچىلارنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلۇم ۋىن يىڭچاۋنى ئابباسوفقا كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىمىزگە كەلمەسلىكىنى خەۋەرلەندۈرۈشكە ئەۋەتتىم. بىراق، ئۇ مېنىڭ ئۈلكىگە چاقىرتىلغانلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيۈمگە كېلىپ: «ۋىن مۇئەللىم، توغرا قىلدىڭىز. سىز كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ كۈرەش قىلىشىمىز داۋاملىشىۋېرىدۇ، بىز ھەرگىز مۇزەسسەلەشمەيمىز. خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ. يەڭگەم بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەن سىزنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىڭىزگە قەدەر مەسئۇل بولىمەن.» دېدى. شۇ چاغدا ئۇ تەرجىمانلىق قىلاتتى. مائاشى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇنى تەگلىككە سېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. «تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئۈچۈن يەڭگىڭىز كىشىلەرگە ئىشانسا بولىدۇ. يىڭ چاۋ

(مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم)مۇ 12 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭغا خەت كۆچۈرگۈچىگە ئوخشاش خىزمەت تېپىپ بەرسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ» دېدىم ئۇنىڭغا مەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف: «ئۇ ھېلىمۇ كىچىك بالا، مەكتەپتە ئوقۇشى لازىم. يىڭچاۋنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا كېتەرلىك خىراجەتلەرنى مەن تەمىنلەيمەن» دېدى. بۇ يۈرەك باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولىدىغان سۆزلەر مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇردى. جۆرەم ئۆز ئورنىدا تۇردي - دە، ئىككى كۆزىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈپ چۈشتى. بىلىش كېرەككى، بىز بولساق ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان كىشىلەرمىز! كېيىن جۆرەمنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، مەن دىخۋا (يەنى ئۈرۈمچى)گە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئائىلەمگە پات - پات ئاش - ئوزۇق شۇنىڭدەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ بەرگەن.

1944 - يىلى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف «ماركسىزم - لېنىنىزم گۇرۇپپىسى»نىڭ قوزغىلاڭ ئېلىپ بېرىش پىلانىنى ھەمدە ھەربىي لازىمەتلەرنى ياردەم قىلىش ئىشى توغرىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى. ستالىن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ، زور مىقداردىكى ھەربىي لازىمەتلەرنى قورغاس تاغلىق يولى ئارقىلىق نىلقا ناھىيىسىگە يۆتكەپ بەرگەن. نىلقا ناھىيىسىدە غېنى باتۇر، فىلىخ تاپشۇرۇپ ئالغان. غېنى باتۇر بۇ قورال - ياراقلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆز قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇپ، قوماندان بولۇۋالغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىشتىن بۇرۇن ياڭفېڭيىگە بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرغان. خېتىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ بەلگىلىشى بىلەن مەن ئەتە كەچتە مەزكۇر جايدىن ئايرىلىپ، ××× غا بېرىپ پەۋقۇلئاددە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە بارىمەن. پىلان بويىچە بولغاندا 10 كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن. بىراق، سۆيۈملۈك دوستۇم، بۇ ھاياتنى دەسمايە قىلىدىغان، خىيىم - خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىقلا ئورۇنلىغىلى بولىدىغان ئىش. شۇڭا، قايتىپ كېلىش ياكى كېلەلمەسلىك مەسىلىسىدە بىر نىمە دېيىش تەس. قايتىپ كېلەلمەي قالسام، سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى چىڭىتىپ، مەن ماڭغان يولدا داۋاملىق باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 6 دە ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەر جەڭگە ئۆزلىرى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى جەڭنى باشلىۋەتتى. گومىنداڭنىڭ 7 - تەييارلىق كۆرۈش دىۋىزىيەسى قارمىقىدىكى 19 - ۋە 23 - پولكى تولۇق يوقىتىلدى - دە، غۇلجا غەلىبىلىك ئازاد قىلىندى.

1944 - يىلى 12 - ئايدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ھاكىمىيەت يۇقىرى تەبىقە، دىندار ئۇنسۇر ئەلىقەننىڭ (ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان) قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، ھەربىي جەھەتتىكى ھوقۇقنى غېنى باتۇر ئىگىلىۋالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، (جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە مەسئۇل بولدى.) قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئىلىدا ئىككى قازاق لىيەنجاڭنىڭ بىر خەنزۇ سودىگەرنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىش ھەمدە

ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بولاپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي ئىككى قازاق لىيەنجاڭنى ئېتىپ تاشلىدى-دە، ھەرىنىڭ ئۇۋۇسىنى قوچۇۋەتتى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلار ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى خەنزۇلارغا ماھىر مۇناپىق، خەنزۇلارنىڭ يالاقچىسى دەپ قاراپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ياش ھەربىيلەر ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مەلۇم ئىناۋەت ئابرويى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى تەبىقە ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلار ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشقا پېتىنالماي، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىچكى ئىشلار بۇسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ، تەشۋىقات بۇسىنىڭ باشلىقىدىن ئىبارەت ۋەزىپىدە قالدى.

مەن «ئۆلكىگە قايتقان»دىن كېيىن قان قۇسقانلىقىمدىن تۇرمە دوختۇرخانىسىگە ئەۋەتىلىپ نازارەتتە بولدۇم. كىشىلىك ئەركىنلىكتىن ئايرىلدىم. 1944-يىلى شىڭشىسەي ئىچكى ئۆلكىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، نازارەت قىلىش بوشاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىقىپ ئاغىنامنىڭ ئۆيىدە 1 ئايدىن كۆپ ۋاقىت يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلاش ھارپىسىدا ئىلىغا قايتىپ كەلدىم. ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مېنىڭ ئىلىغا قايتىپ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زاكىرروۋنى جەڭچىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ «ۋىنچاڭجاڭ» دېگەن ئىسمىنى تۇۋلاپ مېنى ئىزدەشكە ئەۋەتكەن. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن قايتا ئۇچراشتىم. ئائىلىدىكىلەر سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوغدىشى ئارقىسىدا سالامەت تۇرۇپتۇ، ئەمما تۇرالغۇ جايى كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوف دەسلەپتە مېنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ھەمدە «3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى بۇ، كومىتېتلارنىڭ تەشكىلىي فۇنكسىيىلىرى» دېگەن ھۆججەتنى لايىھەلەپ چىقىشنى تاپشۇردى. كېيىن ئىلىدا ئۆي تېپىپ ئائىلە تەۋەلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چەكلىمىلىكى بارغانسېرى ئايان بولدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلى ئېغىر دەرىجىدە ساغلام بولمىغاچقا، يۇقىرى تەبىقە دىندارلار، چوڭ پومېشچىك بايلار، چارۋا ئىگىلىرى، تار يەرلىك مىللەتچىلەر ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، «9 ماددىلىق خىتاپنامە»نى ئېلان قىلىپ، شەرقى تۈركىستان زېمىنىدا خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنى مەڭگۈ يوقىتىش دېگەن ئەكسىيەتچىل شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. گومىنداڭنىڭ مىللەتلەرنى ئېزىش سىياسىتى تۈپەيلىدىن نادان ئاممىنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى قوزغاپ، بىگۇناھلارنى ناھەق قىرىشتەك ھادىسىلەر پات-پات يۈز بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇنداق ھالەتكە ئىنتايىن نارازى بولۇپ، مەن بىلەن 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ماركسىزم-لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. كەڭ ياشلار ئارىسىدا ماركسىزم-لېنىنىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىشقا تەييارلىق كۆردۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماڭا «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى» يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى.

بۇ چاغدا يولداش ئەخمەتجان ئەلقەمنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى. 1945 - يىلى
5 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف مېنى باشلاپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.
يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ھەرىكەت پىلانىمىزغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ياشلار ئىتتىپاقى رەسمىي
قۇرۇلدى. سەيپىدىن ئەزىزى، زاكىروف، زىيالار ئىتتىپاقىنىڭ جىڭ ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.
ئابدۇكېرىم ئابباسوف باش سېكرىتار بولدى. «گۇڭچەنداڭ خىتابنامىسى» ۋە ماركسىزم-لېنىنىزم-
لىق باشقا ماقالىلارنى تەرجىمە قىلىپ بېسىپ، ماركسىزم-لېنىنىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن،
«ئالغا» ناملىق ئىنقىلابىي گېزىت نەشر قىلىشقا تەييارلىق كۆردۇق. شۇ چاغدا تەشكىلنى قۇرۇپ چىققان
بولساقمۇ، راسخوتنى ھەل قىلالمىدۇق. بۇ ھەقتە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قەلبى تىت - تىت بولۇپ
كەتتى. ئەسلىدە بىر قىسىم ياش جەڭچىلەرنى ياساندۇرۇپ بانكىنى بۇلاشنى ئويلۇشۇپ
كۆرگەن. بۇنداق قىلىشنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرىدا، تۆۋەندىكى
چارە - ئۇسۇللارنى ئويلاپ چىقتۇق. بىرى، باي ئائىلىلەردىن ئىئانە يىغىش؛ بىر قىسىم
ئەكسىيەتچىل خويداۋمىنلارنىڭ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، يېڭىۋەنداۋ تەشكىلىنىڭ خو-
جايىنلىرى ۋە پېشۋالىرىنى قولغا ئېلىش. يەنە بىرى 3 ۋىلايەتتە ئاقىدىغان پۇل نۇس-
خىسىدا پۇل ياساش. 3 ۋىلايەتتە ئاقىدىغان قەغەز پۇل تاش مەتبە بىلەن كۆك، يېشىل
رەڭ بىلەن بېسىلغان بولۇپ، تۆشۈك تېشىش ماشىنىسى ئارقىلىق نومۇر قويۇلغان. پۇلنىڭ
ئەڭ چوڭى 3 مىڭ يۈەن، ئەڭ كىچىكى يۈز يۈەن ئىدى. يۈز يۈەنلىك پۇلدىن 30 نى
بېسىپ چىققاندا بىر دانە 3 مىڭ يۈەنگە يارىۋېر كېلەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ
رەھبەرلىكىدە پۇل ياساش خىزمىتىگە پۈتۈنلەي مەن مەسئۇل بولغانىدىم. ئابدۇكېرىم
ئابباسوف پۇل ياسىدىغان قەغەز تېپىشقا مەسئۇل بولدى. ئالدىنقى خوتۇنۇم لىي شىنخۇانىڭ
ئاكىسى غۇلجا شەھىرىدە تامغا ئويۇشنى كەسىپ قىلغان. مەن ئۇنىڭغا تاش مەتبە ئويۇشنى
تاپشۇردۇم. تۆشۈك ئاچىدىغان ماشىنا ئورنىدا پولات چۈۋىق ئۇچىغا دەستە بېكىتتۇق. باس-
مىدىن چىققان پۇلنى باستۇق، ئۈستىگە قويۇپ قول بىلەن تۆشۈك ئېچىپ نومۇر قويۇپ
چىقتۇق - دە، 10 دانە يالغان پۇل ئۈستىگە 3 ۋىلايەتتە ئاقىدىغان پۇلدىن بىرنى
قويدۇق. بىر قېتىمدا 10 دانە 3 مىڭ يۈەنلىك قەغەز پۇلنى بېسىپ چىقتۇق. قول بى-
لەن تۆشۈك ئېچىش كۆپ كۈچ تەلەپ قىلاتتى. بۇ خىزمەتكە مەن، خوتۇنۇم جاڭ يەنلىڭ،
چوڭ ئوغلۇم ۋېن يىنچاۋ، خوتۇنۇمنىڭ ئاكىسى لىي گوشەن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ساۋشەنيىڭ،
خوتۇنۇمنىڭ ئىنىسى لىچۇڭلار قاتناشتى. پۇل بېسىپ چىقىدىغان يەر ئاستى باسمىخانا كې-
چىلەردە ئىشلىدى. پۇل بېسىپ چىقىدىغان باسمىخانىنىڭ ئورنى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ
ئىنىسىنىڭ ئۆيىدە بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇھاپىزەتچىلىك قىلدى. لۈي سوشىن كې-
چىلىك تاماقنى راسلاپ بەردى. بىز جەمئىي ئىككى كېچە ئىشلىدۇق. بۇ خىزمەتنى ئىش-
لەپ بولغاندىن كېيىن، مەن پۇل باسىدىغان سايمانلارنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ، ئۆيۈمنىڭ
ئىگىسى لي خۋافۇنىڭ ھويلىسىدىكى ئوبورنىغا تاشلىۋەتتىم. بۇنداق يالغان پۇلنى بىۋا-
سىتە ئىشلىتىشكە بولمايتتى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف مىللىي ئارمىيىگە ھەر قېتىم ما-
ئاش تارقاتقاندا 3 ۋىلايەت بانكىسىدا بېسىلغان پۇلنى ئېلىپ قېلىپ، يالغان پۇلنى
تارقىتىپ بېرەتتى. بۇ پۇل ئارقىلىق بىز جۇڭگو مۇھاجىرنىڭ بىر ھويلىسىنى، باسما ما-
شىنىدىن بىرنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلغان قەغەزدىن 10 نەچچە توپنى سېتى-
ۋېلىپ، كېيىن «ئالغا» ناملىق گېزىت نەشر قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردۇق.

ئابدۇكېرىم ئاbbasوف جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئىدى. ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابىغا تەلپۈنۈپ، قەتئىي ھالدا جۇڭگو ئىنقىلابىي يولىغا ماڭغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1945-يىلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئابدۇكېرىم ئاbbasوفنى سوۋېت كۆڭچەنداڭىغا قاتنىشىشنى ھەمدە ئۇنى مانجورىيەگە يۆتكىلىپ ئاخبارات خىزمىتى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئاbbasوف ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغانىدى. ئۇ ماڭا: «مەن بارمايمەن، بىر دىشمىنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق. مەن جۇڭگودا سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىمەن، ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلىرىم ناھايىتى كۆپ، بۇ لېنىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىشاق بولمايدۇ، خەخنىڭ راسلاپ قويغان پولو، مانتىسىنى يېيىشكە بولمايدۇ.» دېگەنىدى.

ئابدۇكېرىم ئاbbasوف جۇڭگو ئىنقىلابىي يولىدا مېڭىش ئۈچۈن، مىللىي ئادۇۋەتنى تۈگىتىش يولىدا پائال خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى قىسىملارنىڭ ئىنتىزامى چىڭ ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندا، ئۇ ئارمىيىنىڭ غۇلجا شەھەردىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايوننى قوغداشنى بۇيرىدى. غۇلجا كۆۋرۈكىنى ساقلىدى. زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكىنى قوغدىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە، ئۇ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ نۇرغۇن مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىدىن ئۇنىڭ شىجائىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىنى كورگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ياڭ فىڭيى بىلەن مۇھەببەتلىشىشى، لۇشۇنىن بىلەن تىنكاھلىنىشىدەك ئىشلار شۇ چاغدا كۆرۈلمىگەن ئىش ئىدى. بۇ دىنىي كۈچلەرنى بۇزۇپ تاشلاش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى پارچە پۇرات ئىشلار دۇر. ئەلۋەتتە، لېكىن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭدا مىللىي ئادۇۋەتنىڭ يوقلىقىنى، ئۇ زۇل- كېسەل ماتېرىيالىزمچى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئاbbasوف سالاپەتلىك، قاملاشقان چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ئۇ پاتۇر، ئېغىر بېسىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، قەلەمكەش، ئەلەمكەش ماھىر ئىدى. بىلىشىمچە، ئاز سانلىق مىللەت قىزلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئاbbasوف ئۇلارنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلغانىدى. مىنالىي كەيپىيات، ئېغىر دەرىجىدە قارىمۇ قارشى بولۇۋاتقان شۇ ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار، ئابدۇكېرىم ئاbbasوفنىڭ ياڭ فىڭيى بىلەن مۇھەببەتلىشىشىنى چۈشەنمىگەنىدى. ئوخشاشلا، ئەگەر ياڭ فىڭيى بىر ئۇيغۇر يىگىتكە تەگمەكچى بولسا، خەنزۇلارنىڭ ئېيىپلىشىغا ئۇچرايتتى. ئەلۋەتتە.

1944-يىلى قىش پەسلىدە ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىپ كەتكەن ئابدۇكېرىم ئاbbasوف كېزىك كېسىلىگە ئېغىر دەرىجىدە گىرىپتار بولۇپ، بەزىدە توڭلاپ، بەزىدە قىزىپ كېتەتتى-دە، بەزىدە قىزىتمىسى ئۆرلەپ ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالەتكە چۈشەتتى، باشلىرىدىكى چاچلار كۆپلەپ چۈشەتتى. ياڭ فىڭيى 40 نەچچە كۈن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ، بىر قەدەم ئايرىلمىغانىدى. ياڭ فىڭيى تېۋىپ چاقىرتاتتى، دورىلارنى قايىنىتىپ كىچىك قوشۇق بىلەن ئۇنىڭغا ئىچۈرەتتى. ئاخىرى ئابدۇكېرىم ئاbbasوفنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوزغالغاندىن كېيىن، ياڭ فىڭيى ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ، ئاب-

دوكتۇر ئابباسوف رەھبەرلىك قىلغان مىللىي ئارمىيىگە ئىنئانە بەرگەن، 3 ۋىلايەت ئىنقى-
لابىغا پائال قاتناشقان. ئورتاق تەقدىر ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ياڭفىڭيىنى دىنىنىڭ
قامال قىلىشى ۋەفېئودال ئەخلاقنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۇلار نىكاھلانماقچى بولدى. ئىككىسىنىڭ
خەتلىرىدە ئورتاق ئىرادىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ياڭفىڭيىنى «يىرەن»
دەپ ئاتايتتى. ياڭفىڭيى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى «جۇرەن» دەپ ئاتايتتى. «يىرەن» بىلەن
«جۇرەن» قەتئىي نىيەتكە كەلدۇق، تۆۋە قىلمايمىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.
1945 - يىلى ئەتىيازدا، گومىنداڭ ئىلى رايوندا 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە كەڭ
كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپتۇ، «توپىلاڭنى باستۇرىدىغان» ئالدىن يۈرەر قىسىملار جىڭ ناھى-
يىگە يېتىپ كەپتۇ دېگەن پىتنە - ئىغۋالار پەيدا بولغانىدى. بۇ خەۋەر 3 ۋىلايەت ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ناھايىتى چوڭ بىئاراملىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. 3 ۋىلا-
يەت ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇن كاتتىباشلار ئاپتوموبىللارنى كونترول قىلىپ، مال - مۈلۈكلى-
رىنى يىغىشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچماقچى بولۇشقان. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇنىڭغا
ئىنتايىن غەزەپلەنگەنىدى. ماڭا: «ئاناڭنى، بۇ ئەبلەخلەرنى ئىنقىلابچى دېگىلى بولامدۇ!
ۋىن مۇئەللىم، سىز بارلىق ماركس - لېنىن كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاتقا ئارتىپ تاغقا
بىللە چىقىپ، گومىنداڭغا قارشى پارتىزانلىق قىلايلى.» دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھېچ نېمى-
دىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھى 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدە ناھا-
يىتى ئاز تېپىلىدۇ!
ياڭفىڭيى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ توي ئىشىغا نىسبەتەن ياڭفىڭيىنىڭ ئاتى-
سى قەتئىي قوشۇلمىغانىدى. ياڭفىڭيىنىڭ ئاپىسى قىزىغا ھېسداشلىق قىلاتتى. 1944 - يىلى
8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاۋۇز چاغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ياڭفىڭيىنىڭ ئاپىسى ئابدۇكې-
رىم ئابباسوفنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان. لېكىن، غۇلجا سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقىنىڭ
بۇ ئۆيدە ياڭ فىڭيىنىڭ ئاپىسىنىڭ قىلچە سۆز قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ياڭفىڭيىنىڭ
ئاتىسى، ياڭفىڭيىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن بولغان بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئۈرپ-
ئادەتنى بۇزىدىغان ئاسىيلىق ھەرىكەت دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، ئىنقىلاب باشلىنىش بىلەنلا مىللىي ئۆچ ئېلىش پۇرغى
بولۇپ، فېئودال تۈزۈمنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغان كەڭ خەنزۇلار بىلەن مىللىي ئېزىشنى كەل-
تۈرۈپ چىقارغان ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنى پەرقلەندۈرمىگەن. شۇ سەۋەبتىن مىللەت ئوت-
تۇرىسىدا ئۆز ئارا ئۆچ ئېلىپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن. ياڭفىڭيىنىڭ ئاتىسى
ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆچ كۆرەتتى. ياڭفىڭيىنىڭ ئاتىسى دائىم يامان گەپ-
سۆزلەر بىلەن ياڭفىڭيىنى تىللاپ ھاقارەتلەيتتى.
1945 - يىلى ئەتىيازدا، بىر كۈنى ياڭفىڭيى ئۆيۈمگە كېلىپ مەندىن: «يىڭچاۋ
بارمۇ؟» دەپ سورىدى. «بار» دەپ جاۋاب قايتۇردۇم. «ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەۋەت-
كەن بىر پارچە خەت بار ئىدى. يىڭچاۋ يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا» دېدى ئۇ. شۇ
چاغدا مەن ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلماپتىكەنمەن، چۈنكى يىڭچاۋ دائىم ئۇلار ئوتتۇ-
رىسىدا خەت توشۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يىڭچاۋنى ئەۋەتتىم. ياشلارنىڭ مۇھەب-
بەت خەتلىرىنى كۆرۈشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەلۋەتتە. لېكىن، يىڭچاۋنىڭ ئابدۇكې-

رىم ئابباسوۋغا ئاپىرىپ بەرگەن خېتى ياڭفېڭيىنىڭ ۋىدالىق خېتى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن!

كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئاتقا مىنىپ ياڭفېڭيىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ياڭفېڭيى دەرۋازىغا قارىتىپ سېلىنغان ئۆيىنىڭ دەرىزىسى ئالدىدا ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تاپانچىنى ئۆزىنىڭ بېشىغا چېنەپلا ........ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرگەن بولسىمۇ ئۇنى ھايات قىلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ!

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ياڭفېڭيىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتكەنىدى.

ياڭفېڭيىنىڭ يازغان خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى. مەندە مىللەت چېگرىسى يوق. لېكىن مەن ساپدىل، سادىق مۇھەببەتكە قىلىنغان بۇنداق ھاقارەتكە داۋاملىق تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. تاپانچىنى يىغىۋېلىشىڭىزنى سورايمەن. مەن تاپانچى بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرنى قوغدىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىز ئۈچۈن ئۆلىمەن، لېكىن سىزنىڭ مەن ئۈچۈن، ئىنقىلاب ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ھايات قېلىشىڭىزنى، كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئەڭ يۈكسەك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.......

بەزىلەر ياڭفېڭيى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ مۇھەببەت مەسىلىسىدىكى بوران-چاپقۇنلار ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا ئائىلىنىڭ بېسىمىغا چىداپ تۇرالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ؛ بىر ئىنقىلابچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيمەن. مېنىڭچە مېنىڭ يازغىنىم ئەسلىمە خاتىرىسى، رومان-ھېكايە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭفېڭيى بولسا دۇنيادا ياشاۋاتقان بىر جانلىق ئادەم. تارىخچىلاردا ھامان چېتەيشىنىڭ روھى بولۇشى كېرەك!

ياڭفېڭيى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ «يېرەن قازا قىلغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىم»، «يېرەننىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەسىمىم» دېگەنلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستى شىنجاڭ تارىخىي مۇزىخانىدا ساقلانماقتا.

«يېرەن قازا قىلغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىم» مۇنداق يېزىلغان:

يېرەن: سىز قازا قىلدىڭىز، ماڭا ئۇلۇغ روھىڭىزنى قالدۇردىڭىز. مەن ئۆلۈشتىن بۇرۇن سىز يەنىلا ھاياتىمغا، خىزمىتىمگە، ئۇلۇغۋار غايىمىزنى، كوممۇنىزم دۇنياسىنى، شۇنداقلا ۋەسىيىتىڭىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمغا ھەمراھ بولىسىز. روھىم مەڭگۈ سىز بىلەن ئۆتىدۇ! يېرەن، ماڭا مەلۇمكى سىز پۈتۈنلەي مەن ئۈچۈن ئۆلدىڭىز. ھازىر مەن راستلا سىز ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن. ۋەسىيىتىڭىز ھايات كۈچۈم بولۇپ قالدى.

يېرەن سىز كەتتىڭىز. مەن ئۈچۈن ئۆچمەس ئازاب قالدۇردىڭىز. بىراق، مەن سىزدىن ئېچىنمايمەن، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئۆزەمدەك بىر دوتنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىمدىن چوڭقۇر ئېچىنىمەن. سىزنىڭ ۋەسىيىتىڭىز، ئوبيېكتىپ مۇھىت ئۆلۈشىمگە يول قويمايۋاتىدۇ. ئوبيېكتىپ سۇبيېكتىپنى يەڭدى. قايغۇمنى كۈچكە ئايلاندۇردى. ۋەسىيىتىڭىزنى، ئورتاق غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياشايمەن، كۈرەش قىلىمەن!

«يىرەننىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەسىمىم» مۇنداق يېزىلغان.

يولداش يىرەن، مەن يۈكسەك قىزغىنلىقىم، ئەڭ سەمىمى سادىقلىقىم بىلەن سۈكۈتتە تۇرۇپ قەسەم بېرىمەن. ئۆمۈرۈمنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىمەن، جۇڭگو ئىنقىلابىي يولىغا ماڭىمەن، ئاسىيادا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن! ئۆمۈرۈمدە سىزنىڭ ۋەسىيىتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن. بۇ ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە تىرىشىمەن! ئەڭ سەمىمى قىزغىنلىقىمنى ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭىز، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىز، قېرىنداشلىرىڭىز، ئىنقىلاب يولىدىكى بارلىق ياخشى يولداشلارغا تەقدىم قىلىمەن. قەسىمىمگە قىلچە خىلاپلىق قىلسام، ۋىژدانىم قاتتىق ئەيىبلايدۇ ۋە جازالايدۇ.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سەمىمى قەسىمى!

ياڭفىڭيىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ ئىنتايىن قايغۇردى. مەن، قاتتىق كېسەلدىن ئەمدىلا ساقايغان ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بۇنداق قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئىنتايىن ئەنسىرىدىم.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ھېسسىياتى ئەڭ ئازابلانغان مۇشۇ پەيتتە، تاشقى جەھەتتە ئۇنىڭغا بولغان بېسىممۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى يۆتكەپ كەتمەكچى بولغان. ئەلقەم ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ بىر دىنىي كاتىپباشنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى. 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىچىدە ھەر خىل مۇرەككەپ كۈرەشلەر داۋام قىلماقتا ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف كېگانت پولات ئادەمدەك ئورنىدىن دەس تۇرغانىدى. ئۇنتۇلغۇسىز مۇشۇ 1945 - يىلدا ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئورغۇن ئۇرۇشلارنى ئورۇنلىغان. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلىنى قۇرۇپ چىقىش خىزمىتىنى ئورۇنلىغان. 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

لۈي سۇشىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلاشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ياڭفىڭيىغا خەۋەرچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ ئىلى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ياڭفىڭيىغا ئىنتايىن چوقۇناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لۈي سۇشىن ياڭفىڭيىنىڭ ياخشى ئاغىنىسى ئىدى. ياڭفىڭيىنىڭ ئۆلگەنلىكى لۈي سۇشىن ئۈچۈن بىر ياخشى سەپداش ياخشى ئۇستازدىن ئايرىلغان بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئورتاق سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى.

لۈي سۇشىننىڭ ئاتىسى جولسا سوۋېتلىك جۇڭگو مۇھاجىرى ئىدى. لۈي سۇشىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئاتىسى بۇرۇن قازا بولغاندىن كېيىن ئاپىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ شەكلى ۋە ئوقۇتۇش شەكلىگە كۆنۈپ قالغاچقا، ئىلى قىزلار مەكتىپىگە كۆنەلمىگەنىدى. ياخشى نىيەت بىلەن دائىم پىكىر قىلىپ ياخشىلاشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قوللاشقا ئېرىشەلمەيتتى. ئۇ بىر قېتىم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مەكتەپ ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىشكە تاسلا قالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ مەكتەپتىن بىزار بولۇپ، مەكتەپتىن چېكىنگۈسى كېلىدۇ. بىراق ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىش ئازابىنى تارتىشتىن قورقاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئىچى پۇشۇپ ھەۋكۈرەپ يىغلاپ سالغانىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئۆي بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ باقمىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. بۇ كىشى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى. ئۇ لۈيسۈشىنغا: «سىزنىڭ بەرگەن پىكرىڭىز توغرا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش لازىم. كۆز يېشى ئوق ئەمەس. دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمەيدۇ. يىغلىماڭ، قورقماڭ، دۈشمەن ئالدىدا كۆز يېشى تۆكۈش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. ئىرادىسى ئاجىز ئادەمنىڭ ئىنقىلابنىڭ خائىنى بولۇپ قېلىشى ناھايىتى ئاسان. ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى سىزنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىش، بۇنداق ھەيدىلىش زۇلمەتلىكنى پاش قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھېسسىداشلىقىغا ئېرىشىدۇ. بەزى بىر شەخسى مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش — ئەرزىيدىغان ئىش. ئىنقىلابقا پايدىلىق! سىز ئاتىڭىزدىن ئايرىلغان يېتىم بالا، بۇنداق جەمئىيەتتە يېتىم بالا بولسا ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ. يېتىم بالىلارنىڭ ئېتىبار قىلىنىشقا ئېرىشىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان تارىخىي زامان يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. يەنئەندە بولسا يېتىم بالىلار ئېتىبارغا ئېرىشكەن ۋە قوغدالغان. بۇنداق جەمئىيەت ئۆزلۈكىدىن دۇنياغا كەلمەيدۇ. مىليونلىغان مەردانىلارنىڭ قان ئاققۇزۇشى، قۇربان بولۇشى، كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. سىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى، ھېسسىياتىڭىز ئەسىرى بولۇپ قالماسلىق كېرەك، ئالۋاستىلارغا باش ئېگىپ تازىم قىلماسلىق لازىم» دېگەن. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، لۈيسۈشىننىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا بولغان چوڭقۇر ئىززەت ھۆرمىتى قوزغالغان. يولداش لۈيسۈشىن ماڭا: «مەندە ئەگەر سەل - پەل ئىنقىلابىي ئىدىيە بولغان دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ بولسىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەپەندىنىڭ شۇ قېتىمقى سۆزىدىن باشلانغان.» دېگەنىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف جەمئىيەتتىكى ھەر خىل بېسىملاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسى بولغانىدىم. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن لۈيسۈشىننىڭ توي قىلغانلىقى فېئودال دىنىي كۈچلەرگە قىلغان بىر قېتىملىق كۈرەش مۇراجىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توي كۈنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماڭا بىر تو كاستيۇم بۇرۇلكا، بىر تال گالستۇك ئەكىلىپ بېرىپ، كەچتە تويغا قاتنىشىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئەلقەمنىڭ ئابتوموبىلى بىلەن لۈيسۈشىننى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشىمنى تاپشۇردى. كەچتە مەن ئاكىسى ياڭفىڭچى ۋە باشقىلار بىلەن ئۇلارنىڭ تويىغا قاتناشتىم. ئۇلار ياڭفىڭىنىڭ ئۆيىدىكى تۇرنا سىزىلغان بىر جازا ئىچىگە ياڭفىڭىنىڭ چوڭايتىلغان باش رەسىمىنى ئاسقانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن لۈيسۈشىن توي قىلغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەلقەم بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا: «خۇدا، ئۇلۇغ خۇدا، ئىسلام مىللىتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سىز بىزگە قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ بىر ياخشى بالىنى بەرگەن ئىدىڭىز. بۇ بالا بولسا ئابدۇكېرىم ئابباسوف. لېكىن كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى بۇ بالىنىڭ يېرىمىنى خەنزۇلار تارتىۋالدى. ئەگەر ئۇنى پۈتۈن تارتىۋالسا، ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ!» دېگەنىدى.

1945 - يىلى ياڭفىڭىي دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، سەيدۇللايوفنى سىياسىي كومىسسارلىققا، سوپاخۇننى قوماندانلىققا، قاسىمجاننى مۇئاۋىن قو-

ماندانلىقتا تەيىنلىدى. ئۇلار بىر تۈركۈم قوراللىق قىسىملارنى باشلاپ، كۆنەس ئارقىلىق مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ، بالوتەن رايونىدا يىغىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە كۇچادا تۇرغان مابۇفاڭغا قاراشلىق مادىخۇڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنى يوقىتىپ، كۇچاغا تويۇقسىز زەربە بەردى. ئارقىدىنلا، ئۇلار جەنۇبقا يۈرۈپ ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى، مۇشۇ بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ تالانتلىق ھەربىي قابىلىيىتى تولۇق نامايەن بولغانىدى. ھەر قېتىمقى جەڭدە، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۆزىنىڭ خېيىم - خەتەرگە يولۇقىشىغا ۋەئاتىلىشىنى نەزەردە تۇتماي، جەڭچىلەرگە ئۈلگىدارلىق قىلغانىدى.

1945 - يىلى 9 - ئايدا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق قىسىملىرى شىخو، ساۋەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. دېمەك، ئۈرۈمچىگە 200 كىلومېترلا قالغانىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى 3 ۋىلايەت بىر - بىرىگە تۇتىشۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۈرۈمچى يېرىم مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى، ھەربىي باستۇرۇش ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك بەربات بولۇشىدەك كىرزىسنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئالدامچىلىق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، ساختىلىق بىلەن تېچلىق تەنپەننى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ھەقتە جاڭجېيشى رادىيو نۇتۇق ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى «تىنچلىق يولى» بىلەن ھەل قىلىشقا تەكلىپ بەرگەنىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىك يولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەنپەن قىلىشىغا نەسىھەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. يەنە بىر تەرەپتە ياپون جاھانگىرلىكى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ چاقىرىقى ۋە رەھبەرلىكىدە، تىنچلىقنى، دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدى. ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جاڭجېيشى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق تەنپەن ئۆتكۈزدى ھەمدە يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. تىنچلىق، دېموكراتىك شوئار كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ توسقىلى بولمايدىغان ئېقىم بولۇپ قالغانىدى.

شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تىنچلىق، دېموكراتىك سىياسى تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشقا قوشۇلغانىدى.

45 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئابدۇكېرىم ئاباسوف 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باش ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ بىلەن بولغان تەنپەننى باشلىدى. 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق شەرت»لىرىگە ئىمزا قويدى. سىياسىي جەھەتتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىندى؛ ھەربىي جەھەتتە مىللىي قوراللىق قىسىم ساقلاپ قېلىندى؛ مىللىي ھوقۇق جەھەتتە بەزى ئەركىنلىك قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئىقتىسادىي سېلىق جەھەتتە

خەلقنىڭ بەزى سىياقلىرى ئازايتىلدى. «تىنچلىق شەرتلىرى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1946 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلماقچى بولدى. جاڭجىجوڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىس بولدى، لومىڭتوڭ باش كاتىپ بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇئاۋىن باش كاتىپ بولدى. ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ 1 - ۋە 2 - قوللۇق باشلىقلىرى تەڭ سانىنى ئىگىلىدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت پروگراممىسى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئاپەتنى شىنجاڭدا پەيدا قىلدى.

تەنپەن جەريانىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف مېنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، تەنپەن خىزمىتىگە ياردەملەشتۈردى. مېنىڭ ئاساسىي ۋەزىپەم — ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ھۆججەتلەرنى يېزىق جەھەتتە پىششىقلاپ تەنپەن ئۈچۈن تەييارلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھۆججەتلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئىدى. بىز دائىم بىرگە ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھىيلە، نەيرەڭلىرىنى پاش قىلاتتۇق.

1946 - يىلى 6 - ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ئەينى ۋاقىتتا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مېنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى مائارىپ نازارىتىگە قارىمايتتى. گومىنداڭمۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى قولدىن بەرمەيتتى. باش كاتىپ لومىڭتوڭ قوشۇلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. لېكىن، ئاخىرىدا مېنى مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسور نامى بىلەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. مەن مائارىپ فاكۇلتېتىدا مۇدىر بولۇپ، 1 ئايلا مائاش ئالغانىدىم. ئىككىنچى ئايلىق مائاش ئالمىغانىدىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كىشى ماڭا شىمەن پەيچوسىدا بىرسىنىڭ مېنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن شىمەن پەيچوسىغا بېرىپ قارىسام، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى شى بىڭيى مېنى چاقىرىۋاتقانىكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ يامانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، قايتىپ كېتەلمىدىم. شى بىڭيى ماڭا «يۈز خاتىرە قىلغان» ھالدا، «چېكجاڭ ئاكا، كەلگەن ئىكەنسىز قايتىپ كەتمەڭ. بەزى ھۆكۈمەت ئىشلىرى چىقىپ قالدى، رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە توغرا كەلدى، پىقىر بىلەن ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ كەلسىڭىز» دېدى. مەن ئۇنىڭ مېنى تۈرمىگە «تەكلىپ» قىلغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى كۈنى، شى مېنى سوراق قىلدى: «بەزىلەر سىزنى ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ باش كاتىپى، 3 ۋىلايەت توپىلاڭنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىنى يېزىپ چىققۇچى دەپ ئەرز قىلدى. ھازىر دەلىل - ئىسپاتلارنى قولغا چۈشۈردۇق، ئىقرا قىلسىڭىز قويۇپ بېرىمىز» دېدى - دە، ئارقىدىنلا 3 كىشىنىڭ ئىمزا قويغان پاش قىلىش ماتېرىيالىنى شۇ مەيداندىلا ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مېنىڭ مەكتەپتە

ۋەزىپە ئۆتۈشۈمدە بىرىسى ھۆكۈمەت ئەۋەتمىگەن، ئىككىنچى، مەكتەپتىن تەكلىپ قىلمىغان، بۇلىكى 3 ۋىلايەتتىن باشلاپ كەلگەن ئادەم دەپتۇ، يەنى، مېنى «ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ باش كاتىۋىشى» 3 ۋىلايەتنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىنى يېزىپ چىققۇچى «پاكىت» دېگەن. بۇلارغا مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ بۇ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۆزىگە قارشىلارنى چەتكە قېقىشتىكى نەيرەڭلىرى ئىدى. «ئىقرار قىلمىسىڭىز قويۇپ بېرىمىز» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ كىشىلەرنى ئالدايدىغان ئۆسەك سۆزدىنلا ئىبارەت ئىدى، مەن شى بىڭيىغا لام - جىم دېمىدىم. چۈنكى مەن گومىنداڭ بىلەن شېڭشىسەينىڭ كىشىلەرنى ناھەق تۈرمىگە تاشلاش مەسىلىسىدە بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى، زۇكۇنلىشىش بىكار بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شى بىڭيى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ۋىن چىڭجاڭ، سىز خەنزۇ تۇرۇقلۇق، توپىلاڭ قىلغان ھۆكۈمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتسىز، ئاتا - بوۋا، ۋە پۇقرالار ئالدىدا خىجىل بولمامسىز؟» دېدى. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مەن خىجىل بولۇش ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنەتتىم ۋە شەرەپ دەپ بىلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنى گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندىم.

ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئىككى سوتچى بار ئىدى، بىرى شى بىڭيى بولۇپ، ئۇ جازا قوراللىرىنى كەڭ ئىشلىتىپ، كىشىلەرنى قاتتىق ئۇرۇپ، تەن جازاسى بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غالچىلىق ماھارىتىنى كۆرسەتتى؛ يەنە بىرى بولسا شى تيەنمىي ئىدى. ئۇ رەھىمدىللىك، ئاقكۆڭۈللۈك تونىغا كىرىۋېلىپ، ئۆتكۈزگەن «جىنايەت» لىرىمنى ئىقرار قىلىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى. ئاخشاملىرى مۇزدەك سېمونت يەر ئۈستىدە ياتاتتىم. مۇشۇنداق قىلىپ تۈرمە ئىچىدە بىر ئايدىن كۆپ ۋاقىت سولاندىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۈرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى تۇساتتىن ئېچىلدى - دە، قارىغىنىمدەك بولسام ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئوڭ قولىدا بىر تاپانچىنى، سول قولى بىلەن سوتنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈەنجاڭنى سۆرىگەن پېتى دەرغەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا: «ۋاڭ يۈەنجاڭ، ئادەمنى تاپتىم. قېنى نېمە دەيسەن، سەنلەر 3 ۋىلايەتنىڭ ئادەملىرىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىڭلاردىن سەنلەرنىڭ تىنچلىق تەنپەن ئۆتكۈزۈشىڭلارنىڭ ھەممىسى ساختىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دېدى. ۋاڭ يۈەنجاڭ تىترەپ ۋە ھەجىيىپ: «بۇنى قول ئاستىمدىكىلەر مەندىن يوشۇرۇپ قاپتۇ، دەرھال قويۇپ بېرەي، دەرھال قويۇپ بېرەي» دېدى ھەم ئالدىمغا كېلىپ: «ۋىن ئەپەندىم، ئازار يەپسىز، ئۆز مەيلىچە سىزنى تۇتقانلارنى جەزمەن قاتتىق جازالايمەن» دېدى. ئۇ بېشىنى كەينىگە بۇراپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىككى قانۇن ساقچىلىرىغا: «سىلەر تېز بېرىپ شى بىڭيى، شى تيەنمىيغا ئېيتىڭلار، ئەپەندىمنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتسۇن، ئەپەندىمنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەپەندىمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسۇن، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟» دېدى، مەن ۋاڭ يۈەنجاڭنىڭ بۇنداق «چىرايلىق» سۆزلىرىگە ھەقىقەتەن «قايىل» بولدۇم. مەن بىيمىندىكى دوختۇرخانىدا (شۇ چاغدا بۇ ئۈرۈمچىدىكى بىردىن بىر چوڭ دوختۇرخانا ئىدى) بىر مەزگىل داۋالاندىم. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ۋاڭ ليەنمىن بىلەن گومىن ياشلار بىرلەشمىسىدىكى ۋاڭ جايەن دائىم كېلىپ مېنى يوقلايتتى. مەن زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ، ئۇكۇل سالدۇرمايتتىم، دورا يېگىلى ئۇنىمايتتىم. شۇنداق قىلىپ شەرتسىز قويۇپ بېرىلدىم. كېيىن يولداش لوي سۇشىن بىر ۋەقە ئۈستىدە توختىلىپ: «ئابدۇكېرىم ئابباسوف قولغا ئېلىنغانلىقىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، قاتتىق ئىچى پۇشۇقىدا قېلىپ، سىز-

قۇتقۇزىدىغان تۈرلۈك چارە ـ ئامالالارنى ئاپقان. ئەسلىدە سىزنى سوت قىلغاندا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ سىزنى بۇلاپ كەتمەكچى بولغانىدى. كېيىن جاڭجىجۇڭ بىلەن سۆزلەشكەن، سىز تۈرمىدىن ئامان چىققاندىن كېيىن، ئۇ خاتىرجەم بولغانىدى» دېگەن.

مېنى گەرچە ئابدۇكېرىم ئابباسوف تۈرمىدىن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن، گومىنداڭ ماڭا قىلغان ئازارلىتىشنى بوشاشتۇرمىدى، ئىشپىيونلار پات ـ پات پايلاقچىلىق قىلىپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف دائىم مېنى يوقلايتتى، جەڭچىلەرنى ماڭا كۆرۈچ ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ بېرىشكە ئەۋەتەتتى.

46 ـ يىلى قىشتا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭدا ئېچىلغان قورچاق گومىنداڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايدا يولداش دوڭبىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەريانىنى ۋە ئاساسىي ئەھۋاللىرىنى يۈزمۇ يۈز ئۇقتۇرغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئادەم ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۇڭ لاۋ ئايروپىلانغا چۈشۈپ مەخسۇس يەنئەنگە بېرىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلغان ۋە يوليورۇق سورىغان. ئۇ نەنجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا ئىچكى تاشقى ـ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە تولۇق غەلىبە قىلىدۇ دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس قىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شىنجاڭ خىزمىتى ئۈچۈن كونكرېت يوليورۇق بەرگەن.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈرۈمچىگە بىر رادىئوگرامما بىلەن قايتىپ كەلگەن، بىز ئايروپىلان بىلەن بىرگە كەلگەن يولداش پىڭ گوئەن يەنئەن بىلەن بولغان خەۋەر ـ ئالاقە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوف يەنە پارتىيە 7 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ۋە ماۋجۇشى، ليۇشاۋچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئالغاچ كەلگەن.

شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت پروگراممىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ھەر مىللەت خەلقى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى؛ ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولدى، دېھقانلارغا ياردەم بېرىلدى؛ يەرنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ ئەمگەك ماتېرىياللىرىنىڭ تەكشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ ئالۋان ـ سېلىق مەنئى قىلىندى؛ بوز يەر ئېچىلىپ يەر بىنا قىلىندى؛ سۇ ئىنشائات ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى؛ ئاساسىي سانائەت قۇرۇلدى؛ پۇل بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ ئەركىن سودا كېپىللىككە ئېرىشتى؛ ۋەھاكازالار. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يېڭى ھۆكۈمەت پروگراممىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قەستەن نۇرغۇنچىلىق قىلدى. جىياڭجېشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى شىنجاڭ گومىنداڭ گۇرۇھى «تىنچلىق تەنپەن» دە ئۇرۇش توختىتىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زور مىقداردىكى ئەكسىيەتچىل قوشۇنلارنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلدى.

1946 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلغىچە گومىنداڭنىڭ ھەربىي قوشۇنى 400 مىڭ كىشىدىن كۆپەيىپ، 1 مىليون كىشىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەخپىي ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتى كۈچەيتىلىپ، زور تۈركۈمدە شۇ جايدىكى مىللىي ئىلغار زاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر ياش زى-

يالىلار قولغا ئېلىنغان. 1947 - يىلى 2 - ئايدا، شىنجاڭ گومىنداڭ كارنىزون قوماندانى سوڭشىلەن مەھسۇدى بىلەن شېرىكلىشىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا «تىنچلىق شەرت»لەرگە قارشى ئەكسىيەتچىل نامايىش قوزغىغان ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى قىسمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى يوشۇرۇن قەستلىمەكچى بولغان. بۇ «تىنچلىق شەرتنامە»نى يىرتىپ تاشلاشتىكى مۇھىم قەدەم ئىدى. 3 ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى گومىنداڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقمۇ نامايىش قىلغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف يولداش دۆڭبېيۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن نەنجىڭدا بەرگەن يوليورۇقلارنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىلىغا دەرھال قايتىپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچى بازىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، گومىنداڭغا قارشى ھايات، ماماتلىق جەڭ قىلىشقا تەييارلانغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ نەنجىڭدىن ئېلىپ كەلگەن رادىئوگراممىسىنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى بەك تۆۋەن بولغاچقا يەنئەن بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا پەقەت بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ شەرقى گەنسۇ، يەنئەن رايونلىرىغا بېرىپ پارتىيە تەشكىلىنى ئىزدەش قارار قىلىندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 3 ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ياردەم راسخوتىدىن ماڭا 480 مىڭ فرانسىيە پۇلى بېرىپ، لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن 1 دانە شوفۇلەي ئاپتوموبىل ياكى كىچىك جىپ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ سودىگەر نىقاۋىغا كىرىپ، شىمالى شەنشىگە بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. ھەمدە لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن قۇربانجان دېگەن ئىسىملىك سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئېيتتى.

سەپەرگە مېڭىشىمدىن بۇرۇن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف تاڭ ئاتقۇچە مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشىمنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىغان، بىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى گۈزەل بەختلىك تۇرمۇشىنى بىللە تەسەۋۋۇر قىلغان، ئابدۇكېرىم ئابباسوف جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئايرىلىشقا قىيمىغان ھېسسىيات بىلەن ھەر قايسىمىز يېڭى سەپەرگە ئاتلاندۇق.

ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بېرىش يول خېتى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئائىلەمدىكىلەر ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا خەۋەر قىلمايلا ئۈرۈمچىدىن مەخپىي ئايرىلدۇق. قۇمۇل ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ بىر پارچە يول خېتى سېتىۋالدىم. لەنجۇغا يېتىپ بېرىشىم بىلەن تەڭ، دوختۇر ماخۇەنتىڭ ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونى ۋاداتوڭنىڭ ماڭا ئەگىشىپ لەنجۇغا كەلگەنلىكىنى ھەم ۋاڭنىڭ ماڭا نازارەت قىلىشقا بەلگىلەنگەنلىكىنى بىلدىم. شەرققە قاراپ بىرلا قەدەم تاشلايدىغان بولسىلا قولغا ئېلىناتتىم. پەيت كۈتۈش ئۈچۈن مەن لەنجۇدا خىزمەت تېپىشنى بىرسىگە ئېيتتىم. بۇ ئادەم مېنى غەربىي شىمال گېزىتخانىسىغا تونۇشتۇردى.

گومىنداڭنىڭ پۇلى پاخاللاشقاچقا، فرانسىيە پۇلىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىگەچكە، ئەسلىدە بىر ئاپتوموبىل ئېلىشقا تەييارلىغان پۇل ئەمدىلىكتە بىر پاي چاخا ئېلىشقىمۇ يەتمىدى. مەن قۇربانجاننى ئىزدەپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ئالاقىلاشماقچى بولدۇم. بۇ كىشى 48 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدىن قايتىپ كەلدى. قۇربانجان ماڭا «ئابدۇكېرىم

ئاببا سوفسىزلى دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلسۇن، سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق، ئامال قىلىپ ئىلىغا يېتىپ بارسۇن، دېدى» دەپ ئۇقتۇردى (بۇ چاغدا گومىنداڭ 3 ۋىلايەت بىلەن تىركىشىپ قالغان، ئىلىغا بارىدىغان يەر ئۈستى قاتناش ئاللا بۇرۇن ئۈزۈلۈپ قالغانىدى) مەن سوۋېت كونسۇلخانىسىگە بېرىپ ئىلىغا قايتىدىغانلىقىمنى تەلەپ قىلغانىدا رەت قىلىندىم. سوۋېت تەرجىمانى: «ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلدى. ۋاكالىتىمىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ» دېدى. شۇنداق بولغاچقا مەن ئابدۇكېرىم ئاببا سوف بىلەن كۆرۈشەلمەي قالدىم - دە، بۇ مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك پۇشايمانلىق ئىش بولۇپ قالدى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، ئابدۇكېرىم ئاببا سوف، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، بېيپىڭغا بېرىپ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشماقچى بولدى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى دۈشمەن كونترول قىلىۋالغانلىقتىن، ئۇلار سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتكەندە ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، دېلىلقان، لوجىز يولداشلار بىلەن قۇربان بولدى.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوف بىزدىن ئايرىلغىنىغا 34 يىل بولدى. لېكىن ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن كەتكىنى يوق. گومورۇ يولداش ۋاڭرۇفىي ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىنتايىن قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن: «گومورۇ، ئەرزىمەس يىگىت، ئۇ كەتكەندىن كۆرە، سەن نېمىشقا كەتمىدىڭ» دەپ تەزىيە بېيىتى يازغانىدى. مەنمۇ شۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئېيتىمەنكى: «ھەي ۋىن پىيرەن، ئەرزىمەس، ئابدۇكېرىم ئاببا سوفنىڭ كەتكىنىدىن كۆرە، سەن نېمىشقا كەتمەيسەن» ئاۋادا ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئورنىدا ئۆلگەن بولسام ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتىم. ھازىر يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە، خەلققە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىم بەك ئاز. مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئاببا سوفقا يۈز كېلەلمەيمەن. ھازىر قېرىغان بولساممۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ئۆزەمنىڭ تېگىشلىك تۆھپەمنى قوشۇمەن!

شىڭخەن 1983 - يىلى 6 - ئايدا قايتا رەتلەپ چىققان

① بۇ شېئىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھالى» ئويغۇرچە 1 - قىسمىدىن ئېلىندى

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ياڭجىڭگوي

# گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئىشلار

**جاڭ گۇاڭخەن**



ئىسھاقبېك 1920-يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يىغىن يېزىسىدا بىر باي چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە خۇشتار، ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇ ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى كىچىكىدىنلا ئىسھاقبېك ئەپەندى، دەپ چاقىرىشاتتى. ئىسھاقبېكنىڭ دادىسى مۇنۇنوف چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن يەنە سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، دائىم دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ-كېلىپ تۇراتتى. ئىسھاقبېك مۇنۇنوف ئائىلىسىنىڭ تۇنجى بالىسى ئىدى. ئۇ 14 يېشىدىلا، ئەينى ۋاقىتتىكى قىرغىزلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، ئىقتىدارلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك شۇ قەبىلىدىكى ئامما تەرىپىدىن قوشنۇتۇك قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىدۇ.

1933-يىلى قىرغىز مىللىتىدىن بولغان ئوسمان ئەلى ئۇلۇغچات رايونىدا قوراللىق كۈچ تەشكىللەيدۇ. ئىسھاقبېك چاقىرىققا بىنائەن ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، قەشقەردە ماخۇسەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىدۇ ۋە ماخۇسەن قاتارلىقلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا، قەشقەردىكى ھەرخىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتاتتى. ماخۇسەن قاتارلىق توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ساۋۇت داموللا قەشقەرنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىۋالىدۇ، ئۇ قەشقەردە ئەكسىيەتچى «شەرقىي تۈركىستان»نى قۇرىدۇ. ساۋۇت داموللا رەئىس، قىرغىز مىللىتىدىن بولغان چىپەك غازى مۇئاۋىن رەئىس بولىدۇ. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ قۇرۇلۇشى

بىلەن قەشقەردىكى ھەربىي ئەمەلدار، كۆچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. بولۇپمۇ جۇڭگو تەۋەلىكىدىن ئايرىلىش ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. شۇڭا ئۇ دەرھال قەشقەردىن ئايرىلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. [illegible]

1934 - يىلى خوتەن ۋە مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەرنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. قەشقەردە يەنە بىر قېتىم ئىچكى ئۇرۇش بولدى. «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، چىپەك غازىي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قىسىم قوراللىق كۈچلەرنى باشلاپ ئۆزىنىڭ يۇرتى - ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يېقىن يېزىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. ئىنسا قىبەك قوشۇنى قەيسەرلىكنىڭ باشلىقى بولغاچقا يېقىن زالىملاردىن ئەل ئۈستىگە ۋە كۈچكە ئىگە ئىدى. چىپەك غازىي ئىنسا قىبەكنىڭ ئىناۋىتى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىنى كېڭەيتىش خىيالىدا بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇلۇغچاتقا تەكلىپ قىلدى. ئىنسا قىبەك بۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ سۇيىقەستىنى بىلمەستىن ئۇلۇغچاتقا ماقۇل بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ مەرىپەتچى قىسقا مۇددەتلىك «شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتى كۈچلەرنىڭ زەربىسى ئاستىدا شاۋۇت داموللانىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن بەربات بولدى. [illegible]

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قارشى ئەكسىلئىنقىلابچىلار دۆلەتنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي چېگرىداش 1926 - يىلىدىن 1935 - يىلغىچە قەدەر ئارقىمۇ - ئارقىدىن ئىلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرى بولغان ئۇلۇغچات، ئاقچى، ئاتۇش ناھىيىلىرىنىڭ قارىجول، ئاقتو ناھىيىسىنىڭ موجى، بۇلۇڭكۆل، تاشقورغان قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېلىپ، پاراكەندىچىلىك يوشۇرۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومىتېتى بۇ بانديتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقاردى. [illegible]

جۇڭگو - سوۋېت چېگرا رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئىنسا قىبەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باندىتلارنى يوقىتىش خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن داۋالغۇشلارنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا سودا ئۈچۈن بارغاندا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بەزى ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە ئاڭلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى چۈشىنىپ، كۆرەش ئارقىلىق مىللىي ئازادلىققا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، تىنچلىقىغا قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ بولغاندىلا، ئىنقىلابىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى - تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ چىپەك غازىي كاتىپ بولغان نەلەقتە پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، چىپەك غازىينىڭ «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشتەك ئەكسىيەتچى مەيدانىدىن ۋاز كېچىپ، ئىمارەتلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللىي ئىنقىلاب، تەرەققىي ئۇ تونۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىرىشىپ بولىدۇ. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى

ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۈرەش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىۋى تەربىيىسى ئېلىپ باردۇ. ئۇ چىپەك غازىنىڭ ئوغلى شابۇردان ئارقىلىق دادىسىغا خىزمەت ئىشلەيدۇ. لېكىن، چىپەك غازى ۋەتەننى پارچىلاش مەيدانىدا، جاھىللارچە چىڭ تۇرۇۋېلىپلا قالماستىن بەلكى شابۇردانغا ئىساقبېكنى سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ خەۋەرنى ئۇققان ئىساقبېك قەتئىي ھالدا ئالدىن قول سېلىش چارىسىنى قوللىنىپ 1934 - يىلىنىڭ بىر ئاخشىمى 30 نەچچە كىشىنى باشلاپ چىپەك غازىغا تۇيدۇرماي زەربە بېرىپ، چىپەك غازى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شابۇردان ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇرتلىرىدىن 40 نەچچە كىشىنى قولغا چۈشۈردۇ. ئەتراپلىق پىلانلانغانلىقى، ھەرىكىتى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر پاي ئوق چىقارمايلا قوراللىق كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىساقبېك ئۆز قول ئاستىدىكى قىسىملارنى تەرتىپكە سالدۇ. جەڭچىلەر قېلىشنى خالىسا ئېپقالدۇ، قېلىشنى خالىمىسا يۇرتىغا قايتۇردۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە چىپەك غازىنى تۇتۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. قوراللىق كۈچلەرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ يېقىن، كونا ئۇلۇغچات، ئوقسالون قاتارلىق رايونلاردا بىرقىسىم ياش، ئوتتۇرا ياشلىق قىرغىزلارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، قىرغىز خەلقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللەيدۇ. ئۇلۇغچات رايونىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىساقبېك ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ كىرىۋالغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا ئەسكەر چىقىرىپ، قىرغىز باندىت كاتتىباشلىرىدىن جېيىنەك غازى، ئايدىمىرەك، قوشمانۇ، مامىنوسالى ئاي قاتارلىقلارنىڭ سۈيقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى تارمار قىلىدۇ. ئىچكى جەھەتتە، ئۇ ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ئەكسىيەتچى باندىتلار كاتتىبېشى ئوبۇلقاسىم ئەيسا قاتارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تازىلايدۇ. (ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ قىسىملارنى تەرتىپكە سالغان ۋە قىسىملاردا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان يۇسۇپ جاننى ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملىشىشكە ۋە باندىتلارنى يوقىتىش ئىشىغا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.)

1934 - يىلى، ئىساقبېكنىڭ قىسىملىرى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ 1 - پولكى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. (ھەم غەلىبە پولكى، قىرغىز پولكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇ پولكنىڭ باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەن قىرغىز مولانوپ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى بولىدۇ.

قىسىم تەرتىپكە سېلىنغان ۋە ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئىنقىلابىي يولداشلارنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا، ئىساقبېك قىسىم ئۈچۈن قاتتىق ئىنتىزام بەلگىلەيدۇ. بۇلار خەلققە پايدىسىز ئىشلارنى قىلماسلىق، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلماسلىق؛ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالماسلىق ۋە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق؛ پۇقرالارنى بوزەك قىلماسلىقتىن ئىبارەت. كونا قىسىم ۋە باندىتلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان، خەلققە پايدىلىق بولغان بۇنداق تەدبىر قوللىنىلغانلىقتىن، ئىساقبېكنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى ئىناۋىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، ئۇنىڭ ئارمىيىسى خەلقنىڭ ھىمايە قىلىشىغا ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ تېزلىكتە راۋاجلىنىپ ئۇلغايدى. تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇلۇغچات رايونىدا تارقىلىپ

كېلىۋاتقان ھەربىي مارشى — «قولغا ئال قورال» دىن ئىسھاقبېك قىسىملىرىنىڭ ئىنقىلابىي مەقسىتىنى ۋە قاتتىق ھەربىي ئىنتىزامىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## قولغا ئال قورال

بىر، ئىككى، ئۈچ. بىرلىشىش — كۈچ،
بىزنىڭ شوئارىمىز: دۈشمەننى يوقىتىپ، خەلقنى قوغداش.
قولغا ئال قورال، تېزرەك ئال قورال!
تۈلپارغا مىنىپ، ئاتاكا قىلىپ، دۈشمەننى يوقات.

بىر، ئىككى، ئۈچ، ئالغا باس، ئالغا،
ماركس ھەم لېنىن كۆرسەتتى بىزگە،
يېتەكلەپ ماڭار ئىنقىلاب يولىغا.
قېرىنداشلار بىرلىشەيلى،
باسايلى ئالغا، يەنە ئالغا!

ئىسھاقبېكنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز زورايغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا ئوسمان ئەلى، توختىبەك قاتارلىق باندىتلار جەنۇبىي شىنجاڭدا ئالا-تۇپىلاڭ كۆتەرگەنلىكى سەۋەبلىك جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خەلقنىڭ ئاھۇ-دەردى پەلەككە يېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالغان شېڭ شىسەي ئىسھاقبېكنىڭ قىسىملىرىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى قەشقەر، ئاتۇش، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرغۇزىدۇ ھەمدە بارلىق كۈچىنى توپلاپ ئوسمان ئەلى قاتارلىق باندىتلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسھاقبېك قوشۇنىنىڭ قورشاپ يوقىتىشى ئارقىسىدا، ئوسمان ئەلى، توختىبەك قاتارلىق باندىتلار قولغا چۈشۈپ دىخۇاغا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) ياللاپ ئېلىپ كېلىنىپ شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. كېيىن ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلىدۇ. يەنە بىر قىسىم باندىتلار يەنى يۇسۇپ ئەلى (ئۆزبېك) قۇرباش، تىمباي، قويۇچ قاتارلىق باندىتلار ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىدۇ. ئىسھاقبېك ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ غەلىبىسىرى ئالغا بېسىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپ ئاقسۇ، قەشقەر ۋە باشقا رايونلاردىكى بىر قىسىم توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى تىنچلاندۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ.

شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭنىڭ باستۇرۇلغانلىقىنى، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى، خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەيدىنپەي نورماللاشقانلىقىنى، لېكىن ئىسھاقبېكنىڭ ئىناۋىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولالماي، قاتمۇ-قات ئەندىشىلەرگە چۈشۈپ، ئىسھاقبېكنىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىسھاقبېك ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ پولكنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىسھاقبېكنى ئۇلۇغچات تەسىس ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەيدۇ.

1936 - يىلى خوتەننى چاڭگىلىدا تۇتۇپ كەلگەن بانددىت ماخۇسەن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كۈشكۈرتىشى؛ ئارقىسىدا شېڭشىسەينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ بىر بىرىگادا باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يەنە قوراللىق توپىلاڭ قوزغايدۇ. شېڭشىسەي مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ ئىسھاقبېكنى يېڭىباشتىن ئىشلەتمەكچى بولىدۇ. ئىسھاقبېك مىللەتنىڭ ھاياتماماتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تېز ئارىدىلا ئۈچ ئاتلىق پولكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاتلىق بىرىگادا تەشكىللەپ چىقىدۇ. قىسىملار ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئاخىرى بۇ توپىلاڭنى باستۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسھاقبېك بىرىگادا كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، 3 پولكقا رەھبەرلىك قىلىپ قەشقەردە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پولك خوتەندە تۇرۇپ خوتەن چېگرىسىنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭغا مولاتوپ رەھبەرلىك قىلىدۇ؛ بىر پولك ئاقسۇ ۋە تاشقورغاندا تۇرۇپ چېگرا مۇداپىيەسىگە مەسئۇل بولىدۇ، بىر پولك قەشقەردە تۇرىدۇ. بۇ پولك شۇ ۋاقىتتا ئاتلىق ئەسكەرلەر 35 - پولكى دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن 35 - پولك قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

تۇراقسىز ۋە ھەسەتخور شېڭشىسەي ئىسھاقبېكنىڭ كۈچىنىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى ئۆزىگە نىسبەتەن بىر تەھدىت ۋە خاتىرجەمسىزلىك دەپ ھېس قىلىپ، 1940 - يىلى ئىسھاقبېكنى دېخۋاغا يۆتكەپ كېلىپ ئىلى قازاق، قىرغىز مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. ئىسھاقبېك بىر قانچە قېتىملىق يۆتكىلىش ۋە تەكرارلىنىشنى بېشىدىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق شېڭشىسەينىڭ رەزىل نىيىتىنى بىلىدۇ - دە، 1943 - يىلى يازدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىدۇ.

1943 - يىلدىن 1944 - يىلغا قەدەر، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، پۇرسەت پەرەست شېڭشىسەي گېتلېر فاشىست قىسىملىرىنىڭ موسكۋا شەھەر ئەتراپىغا قىستاپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ «6 چوڭ» سىياسەتكە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، جاڭجيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنە چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان ئىسھاقبېك مىللەت خەۋپ - خەتەرگە يولۇقۇش ئالدىدا تۇرغاندا يەنە بىر قېتىم قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ شېڭشىسەينىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ شېڭشىسەي تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان قىرغىز خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىككى چوڭ ئەترەت تەشكىللەپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىلىدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلايدۇ. ئىسھاقبېك 2 چوڭ ئەترەتنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كېلىپ بۇ قوراللىق ئىنقىلابقا قاتنىشىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش داۋامىدا، ئىسھاقبېك قىرغىز مىللىتى ئاساس قىلىنغان زەربىدارلار پولكى تەشكىللەپ، باشلامچىلىق بىلەن، زەربىدارلار پولكىغا قوماندانلىق قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى جاھىل قورغىنى مەيرانباغنى ھۇجۇم بىلەن قولغا ئالغاندىن كېيىن يەنە ساقچى ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ۋە ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئىلىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، ئۇ قىسىملارنى باشلاپ شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇيدۈڭ ئۇرۇشىغا، خېجېڭ ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. يۇقىرقى

ئۇرۇش داۋامىدا، ئۇ بىر ھەربىي ئالىمنىڭ مىسلىسىز جەسۇرلۇقى ۋە قابىلىيىتىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جۇڭجياڭ ئۇنۋانى بېرىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

1945 - يىلى 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ۋاقىتتا، ئىسھاقبېك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا سايلىنىدۇ.

1949 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى، دەلىلقان سۈگۈرباييوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، لوجىز قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا 47 ياشتا ئىدى.

## ئىسھاقبېكنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

1. ئىسھاقبېك قەشقەر، ئۇلۇغچات رايونلىرىدا توپىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، شېڭ شىسەيگە چەت - ياقا رايونلاردا ئولتۇرۇشلۇق قىرغىز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن بەك نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېڭ شىسەيدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن قىرغىز خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن ئارقىدا قالىدۇ. قىرغىز مىللىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىسھاقبېك شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەبلەغ چىقىرىپ كۆپرەك مەكتەپ قۇرۇشنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق ۋە ئوقۇش راسخوتىنى ھۆكۈمەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مال - چارۋىسى، يېرى بولمىغان خەلققە يەر، مال - چارۋا ۋە ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىن ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ چەت - ياقا تاغلىق رايونلىرىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم چارۋىچىلارنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، بۇ بىر قىسىم خەلقنى تىنچ ئولتۇراق رايونغا ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئىسھاقبېكنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن زور مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ قىرغىز خەلقىنى قۇتقۇزىدۇ. ئىسھاقبېك بۇ پۇلنى قەشقەر قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. قىرغىز مىللىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نۇرغۇن قوي، ئۆچكە، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھەربىر نامرات چارۋىچى ئائىلىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 دىن قوي تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان 350 نەچچە ئائىلىنى ھازىرقى قىزىلبوي (ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە)نىڭ ئەتراپىغا كۆچۈ-

رۇپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ھەربىر ئائىلىگە 20 دىن قوي، سوقا، كەتمەن قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى بېرىدۇ. ئوروقاتتا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچىدۇ، بۇ مەكتەپتە 350 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. قىزىلبويىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچىدۇ، ئۇنىڭدا 500 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق ۋە ئوقۇش راسخوتىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ. غەشقەردە 5 سىنىپلىق بىر ئۇنىۋېرسال باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ، قىرغىز تىلىدا دەرس ئۆتىدۇ.

5. شىنجاڭدا ھەر يىلى ئۇرۇش ئاپىتى، باندىتلارنىڭ تۇپىلىڭى ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان قالايمىقان يىللاردا، ئىسھاقبېك قىرغىز ياشلىرى ئاساس قىلىنغان ئاتلىق پولك تەشكىللەپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدۇ، سىرتقا قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىمىزگە كىرگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قارشى ئۆزبېكىستان باندىتلىرى يوسۇپجان، قىرغىز قوراللىق باندىتلار كاتتىبېشى چىپەك غازى، ئايدىمىرىك، قوشمان، قومنۇسالتاي، تۈركمەنىستان قوراللىق باندىتلار كاتتىبېشى ئايوپتۇرك قاتارلىق 600 دىن ئارتۇق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى پاراكەندىچىلىكىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدۇ. ئىچكى جەھەتتە، باندىتلار كاتتىبېشى ماخۇسەن، قەشقەردە ماۋتلارنىڭ قوراللىق تۇپىلىڭىنى تىنچىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى رايونلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدايدۇ.

1944 - يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىش داۋامىدا، بىر بىرىگادا ئەسكەر بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ، ئۇدۇل ماناس دەرياسىغىچە قىستاپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ، 49 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ.

## ئىسھاقبېك توغرىسىدىكى بىر قانچە ئىشلار

1. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدە، ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى، يېتەكچى ئىدىيىسى تازا ئېنىق بولمىغاچقا، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى خەنزۇ خەلقى ۋە خۇيزۇ خەلقىگە توغرا مۇئامىلە قىلىنمىغانىدى. مىللىي ئارمىيە ئىچىگە مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغۇچى بىر قىسىم بۇزۇق ئادەملەر كۆز بوياپ كىرىۋالغانلىقتىن، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالا - تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ خەنزۇ، خۇيزۇ خەلقىنى قىرغىن قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولۇپ تۇرغان ئىسھاقبېك بۇنداق قىلمىشلارغا ئىنتايىن نارازى بولۇپ، مەخسۇس مۇشۇ ئىش توغرىسىداجىددىي يىغىن چاقىرىپ، بۇنداق، قىلمىقلارنى تەنقىتلەيدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ. ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلارغا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، 4 نەپەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان كىشىنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلايدۇ. ①

2. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سوقۇشتا، ھەممە جاينى ئىس - تۈتەك قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىر ئايروپىلان نىشانىنى ئېنىق كۆرمەي تۇرۇپلائىستىھكامىغا قالايمىقان بومبا تاشلىغىلى تۇرىدۇ. ئالدىنقى

سەپ ئىستىكامدىكى جەڭچىلەر دەرھال پاتپاراق بولۇپ كېتىدۇ. مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىسھاقبېك جەڭچىلەرنى قالايمىقان ھەرىكەت قىلماسلىقنى ئېيتىپ، بومبا تاشلاۋاتقان ئايروپىلانغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوست ئارمىيە ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئايروپىلان ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، سىگنال ئوقى ئېتىپ ئالاقىلىشىپ باقىدۇ. ئايروپىلان سىگنال ئوقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بومبا تاشلاشنى توختىتىدۇ. بۇ ۋەقەدە، 20 نەچچە كىشى قۇربان بولغان ۋە يارىدار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەك چوڭ تالاپەت يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ ئىش ئىسھاقبېكنىڭ ھەربىي ئىقتىدارى باتۇر-پاراسەتلىكىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

3. 1947-يىلى كۈز پەسلىنىڭ بىر ئاخشىمى ئىسھاقبېك ئۈچىنچى ئاددىي جەڭچىلارنىڭ كېيىمىنى كېيىپ قىسىمغا بېرىپ قاراۋۇللارنى كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. قاراۋۇل سورىغان پارولنى ئېيتىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي باش قوماندان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بىر قانچە قاراۋۇل قورقۇپ ئەندى بالاغا قالدۇق، دەپ ئويلاپ، بەك پەرىشان بولىدۇ. ئىسھاقبېك بىر قېتىملىق ئارمىيە چوڭ يىغىنىدا، بۇنداق ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق قاراۋۇل جەڭچىلەرنى تەقدىرلەيدۇ ھەمدە پۈتۈن مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ.

ئىسھاقبېك 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر رەھبىرى بولۇش سۈپىتىدە شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئازادلىقتىن[①] كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا خاتىرە مۇنار ئورنىتىدۇ. خاتىرە مۇنار ئۈستىگە «ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى» دەپ يېزىلغان.

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تۆھپىسى ئىنقىلاب تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

---

① ئىزاھات—مەن زىيارەت داۋامىدا بەزى كىشىلەر بۇ ئىش يولى (تاشقورغان) ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇق يېزىسىدا يۈز بەرگەن دېيىشتى. لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىلىدا بولغان دېيىشتى. ئاپتورنىڭ ئىگىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئىلىدىكى ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشنى ئىلىدا بولغان دېيىش بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن (ئاپتور)

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن مۇسا

# دەلىلقاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى

## ئالتاي ۋىلايەتلىك تارىخىي تەزكىرە ئىشخانىسى رەتلىگەن



دەلىلقان سۇگۇربايوپ، قازاق. ئالتاي شەھىرى ئالاقاق يېزىسىدىن. 1906 - يىلى ئاسەن دوئېرلىشا باشقۇرۇش ئىدارىسى (ئورلىگەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەتراپىدا تۇغۇلغان. (ھازىر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارايدۇ) باللىق چاغلىرىدا مەدرىسىدە ۋە كەنت مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ موڭغۇلچە، رۇسچە تىللارنى ئىگىلىگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلغار ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغان، ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئىلغار ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

1921 - يىلى رۇسىيە ئاق باندىتلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، چار رۇسىيە گېنېرالى باچىخ تۈمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن ئالتايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. ئالتاي - كوبۇدۇ رايونلىرىدا ھەدەپ تالان - تاراج يۈرگۈزىدۇ. پۇقرالارنى ئات - ئۇلاق تەمىنات بېرىشكە قىستايدۇ. دەلىلقان ئاق باندىتلارنىڭ تالان - تاراج قىلىش ھەرىكىتىگە باتۇرلارچە قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاق باندىتلار كاتتىبېشى دەلىلقان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى دۇربوتقاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. دەلىلقان كېچىسى قېچىپ كېتىدۇ. لېكىن ئاكىسى ئۇلار تەرىپىدىن قەتلە قىلىنىدۇ. ئاق باندىتلار دەلىلقانغا بىرى پۇقرالارنىڭ ئاق باندىتلارغا ئات - ئۇلاق، تەمىنات بېرىشىنى توسىدى؛ يەنە بىرى دەلىلقان سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى بىلەن تىل بىرىكتۈردى، دېگەن 2 تۈرلۈك جىنايەتنى ئارتىدۇ. دەلىلقان ئاق باندىتلارنىڭ قوغلاپ تۇتۇشىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق دېموكراتىك ئىلغار ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1930 - يىلى ئوكوبۇدۇدىن ئاسەن ئالاقاق دېگەن جايغا كېلىپ، چىروچى قەبىلىسىدە تاكى 1941 - يىلغا قەدەر تەيچى قوشۇمچە مەسلىھەتچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

1933 - يىلى ماخىنىڭ ئاسەن رايونىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ دىنىي نىقاپ بىلەن كىشى-

لەرنى ئازدۇرۇپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. شارىپقان قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ توپىلاڭغا قارشى تۇرىدۇ. دەلىلقانمۇ ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ھەمدە توپىلاڭنى تىنجىتىش ھەربـ كىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ. شارىپقان ئاسەن مەمۇرىيەت باشلىقى بولغان ۋاقتىدا، دەلىلقان ئۇنىڭ يېقىن سەپدىشى، كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، 1937 - يىلى ئۇ ئاسەن «قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندا، چارۋىـ چىلىق رايونلىرىدا مائارىپنى گۈللەندۈرۈش بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، ئاممىنى گۈللەنـ دۈرۈش ھەرىكىتىگە ئىئانە تاپشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونـ لىرىدا يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەرنى سالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئاسەن «خەلقچىلىق ئىتتىپاقى» نىڭ باشلىقى بولىدۇ، ئۇ ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە مۇناسىـ ۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مىللىي ماجىرالارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ غەم - ئەندىشىگە ھەمدەم بولىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىدىن 1937 - يىلى قۇرۇلغان «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ئاسەن شۆبىسى» گە قاتنىشىدۇ ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ تايانچىسى بولۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىدۇ. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. 1939 - يىلى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چاقىرغان 3 مىللەت ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. 1940 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەلىلقان قاتارلىق كىشىلەرنى چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى ئۆلكىدىكى قازاق خەلقىنى يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىش ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

1940 - يىلى 2 - ئايدا، ئاسەندە شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. ئۆلـ كىلىك ھۆكۈمەت دەلىلقان، بوخاتبىز قاتارلىق كىشىلەرنى ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە قوزـ غىلاڭ كۆتۈرۈلگەن رايونغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتـ كۈزۈپ، كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ ۋاقتىنچە بېسىقىدۇ.

بوخات ئاسەن مەمۇرىيەت باشلىقى بولغاندا، دەلىلقان چىڭخۇا (ھازىرقى ئالتاي ناھىيىسى) نىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولىدۇ. كېيىن يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چانىداغان ئارقىلىق 10 نەچچە نەپەر قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى ئالداپ چىڭخۇاغا ئېلىپ كېلىپ ئاندىن بوخات، دەلىلقانلارنىمۇ تۇتۇپ ئۇلار بىلەن بىرـ لىكتە دىخۇاغا ئېلىپ كېلىش پىلانىنى قۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دەلىلقان ئۇشتۇمتۇت دېرەكـ سىز يوقاپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتمەي ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىـ پاقىنىڭ ئاسەندە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن سوۋېت تەرەپ خادىملىرىـ نىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، ئىنقىلاب داۋاملىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىۋالىدۇ. 43 - يىلى 11 - ئايدا دەلىلقان تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق دۆلىتىمىزگە قايتىپ كېلىپ، چىڭگىل ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا رەھـ بەرلىك قىلىدۇ.

دەلىلقان ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ھارپىسىدا، قوزغىلاڭچى قوشۇن «شىڭ شىسەيگە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى» دېگەن ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قۇرغانىدى. دەلىلقان ۋەتەنگە قايـ تىپ كەلگەندىن كېيىن ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىش

ئۆچۈن، 25 كىشىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتنى 7 ناھىيىگىچە كېڭەيتىدۇ، شىڭشىسەيگە قارشى تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلابىي قوشۇن ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرىدۇ. 5 ناھىيىگىچە 4 تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە چىڭخۇا، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، قابا ناھىيىلىرىدىكى زور كۆپ ساندىكى ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئىنقىلابىي قوشۇن زورايتىلىدۇ.

دەلىلقان جىمونەي ناھىيىسىگە قوراللىق تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتىپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ گومىنداڭنىڭ مەزكۇر ناھىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئازادلىق تەشكىلاتى» دەپ نام بېرىدۇ. ساۋۇر تاغلىرىدا 1000 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، جىمونەي ناھىيە بازىرىنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. گومىنداڭنىڭ خەلقنى قىرغىن قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۇقرالارنى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى ۋاقىتلىق ئولتۇرۇشلۇق جايغا كۆچۈرىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، چىڭخۇا ناھىيىسى، بورولتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاممىنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغىچە يىغىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاسەن خەلقىنىڭ 90% ~ 80 نى قوزغۇلاڭ رايونى ئىچىگە يىغىپ، گومىنداڭنىڭ شىڭشىسەي قىسىملىرىنى يېتىم قالدۇرىدۇ.

1944 - يىلى 10 - ئايدا دەلىلقان بورگىندا ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىپ، بۇرۇنقى رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئىخچاملاپ، رەھبىرىي ئەزالارنى 12 كىشىگە قىسقارتىپ، «ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇرۇلغانلىقىنى جاكالايدۇ. ئوسمان ھۆكۈمەت باشلىقى، دەلىلقان ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەم ئاسەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى بولىدۇ.

45 - يىلى كۈزدە، ئۇ شەخسەن ئۆزى قوشۇننى باشلاپ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ سانجى، كۆچۈڭ، قوبۇقسار تەرەپلەرگە ياردەمگە ئەۋەتكەن قىسىملىرىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىناۋىتى بارغانسېرى ئۆسىدۇ، دۈشمەنلەر قورقۇپ ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىدۇ. ئۇ خورۇتۇش ئۇرۇشى قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، گومىنداڭنىڭ قوراللىرى خىل 25 مىڭ خىللانغان ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ۋە پەيدىنپەي تارمار قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 45 - يىلى 9 - ئايدا ئۇنىڭ قالدۇق قىسمىنى ئۆزۈل - كېسىل يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي رايونى ئازاد بولىدۇ.

ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قوشۇمچە 3 - ئاتلىق پولكىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 46 - يىلى 8 - ئايدا گېنېرال لېتنانت ئۇنۋانى بېرىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىمالىي سەپ قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى بولىدۇ. گومىنداڭ بىلەن «11 بېتىم» تۈزۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى (ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان) بولىدۇ. 47 - يىلى 2 - ئايدا، ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بولىدۇ. 48 - يىلى 8 - ئايدا، غۇلجىدا «يېڭى ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى قىلىپ سايلىنىدۇ.

دەلىلقان ئالتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ گومىنداڭنىڭ ئالتايدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ئالتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پارتىزانلارنى تەشكىللەپ ئۇنى مۇنتىزىم قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ غالچىسى، مىللىي مۇناپىق ئوسماننىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك ھەر خىل سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى بىر قانچە قېتىم تارمار قىلىدۇ. ئۇ دائىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دىققەت قىلىپ، كادىرلارغا مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز تەربىيە بېرەتتى. ئۇ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغاندا، ھەممۇ-رىي ئورگانلارغا خەنزۇ كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مۇساپىرلارغا ماددىي قۇتقۇزۇش بېرىدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى تېزلىكتە ساقايتىدۇ. ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئۈمىد باغلايدۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. دەلىلقان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي غەلىبىسىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن، يانارتاغدەك قەھرىمانانە شىجائەت بىلەن ئازادلىق يولىغا قەدەم قويدى. ھازىر، جۇڭگونىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى كۈنسايىن كۈچىيىپ، گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دەلىلقاننىڭ ھاياق ۋاقتىدىكى ئاساسىي تۆھپىلىرى:

1. ئالتاي خەلقى 6 يىلدىن كۆپرەك قان تۆكۈپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق 1945 - يىلى 9 - ئايدا ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، غەلىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇرۇش جاراھىتىنى ساقايتىش يولىغا ئەمدىلا قەدەم بېسىشى بىلەن، ئوسمان ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ دېخۋادا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئازاد رايونلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغىن قىلىدۇ. دەلىلقان ئۆزىنىڭ خەۋپ - خەتىرى بىلەن ھېسابلاشماي ئىككى قېتىم ئوسماننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئوسماندىن يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداقلا بىر قانچە قېتىم باشقىلار ئارقىلىق خەت ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئوسمان ئەكسىيەتچى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدۇ. دەلىلقان تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەسكەر چىقىرىپ قايتارما زەربە بېرىپ، ئوسماننى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى، تىنچلىق ۋە ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى دەلىلقاننىڭ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى «خەلق قەھرىمانى» دېگەن نام ۋە مېدال بېرىدۇ. (شۇ ۋاقىتتا پەقەت 3 لا كىشىگە بېرىلگەن)

2. دەلىلقان ئارقىمۇ - ئارقا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش ئاپىتىنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇ-

شىغا قىيىنچىلىق كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ، ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەت يىغىنى ئېچىپ، ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن چىقىم قىلىپ، 2000 تۇياق قوي،
200 چوڭ چارۋا ئاجرىتىپ، قىيىنچىلىقتا قالغان خەلقنى قۇتقۇزىدۇ. تۆل ئېلىش مەۋ-
سۇمى يېتىپ كەلگەندە، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى چارۋىسى بار ئائىلىلەردە قورسىقىنى
تويغۇزۇپ كۈن كۆچۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ. ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن، دەلىلقان
ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. ئۇ گومىنداڭنىڭ ئەپچىقى چىقىپ كەتكەن تەڭزىسىنى ئوتكۈزۈۋال-
غاچقا ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ. دەلىلقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، جېمو-
نەي ئېغىزىدىن 1000 تونىنا بۇغداي كىرگۈزۈپ، ئوزۇق - تۈلۈكى بولمىغان ئائىلىلەرگە
ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ. بورچىن، چىڭخۇالاردا ئىككى ئاشخانا ئېچىپ ماكانسىز ئاممىنى
يىغىپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ھەمدە ئاممىنى بېلىق تۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ.

3. 46 - يىلى ئەتىيازدا پۇقرالارنى تېرىقچىلىق قىلىشقا تەشكىللەيدۇ ھەمدە
ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق قوراللىرى ۋە ئوزۇقلۇق ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنى
تاغدا ئالتۇن كولاشقا تەشكىللەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئالتاي رايونىدا كېزىك كېسىلى تار-
قالغان بولۇپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ، نۇرغۇن بالىلار يېتىم قالىدۇ. ئۇ دارىلئېتام
قۇرۇپ، يۈز نەچچە بالىنى قوبۇل قىلىپ باقىدۇ.

4. 45 - يىلى كۈزدە، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قالغان جايلار-
دىكى مەكتەپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ۋە يېڭىدىن قۇرىدۇ. 48 - يىلى چىڭخۇا شەھە-
رىدە تۇنجى قېتىم تولۇقسىز 3 سىنىپ ئېچىلىدۇ، تولۇقسىز سىنىپلارغا كىرگەن ئوقۇغۇچى
سانى 100 گە يېتىدۇ. يەنى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، روخۇ-
ۋوي ئوركىستىر ئەترىتى، كىنو قويۇش ئەترىتى تەشكىللەيدۇ.

5. چىڭخۇا شەھىرىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرىدۇ. 49 - يىلى 6 - ئايدا ئېلېكتىر
ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. دەلىلقان خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىدۇ. ئېلېك-
تىر ئىستانسىسىنىڭ ئۆستەڭ چېپىش، تاش ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى 2 ئايدىلا پۈتىدۇ. شۇ
يىلى قىشتا چىڭخۇادا توك بېرىلىدۇ. (ئەپسۇسكى دەلىلقان ئۇنى كۆرەلمەيدۇ) ئالتاي
خەلقى ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە بوھرانلاردىن قۇتۇلىدۇ، خەلق ئىگىلىكىمۇ تېز ئەس-
لىگە كېلىدۇ.

6. ئۇ دائىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى باشلامچىلىق بىلەن
قوغدايدۇ. مەسىلەن، خۇڭدۇن دېگەن جايدا لىۋەنخو دېگەن بىر نامرات ئادەم بولۇپ،
ئائىلىسىدە 4 جان بار ئىدى. 44 - يىلى ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ،
ئاتا - ئانىسىنىڭ قەرزى ئۇنىڭغا ئارتىلىپ قالىدۇ. قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى
بارلىق بىساتىنى قەرزگە تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. لى ئائىلىسىدىكىلەر دەلىلقاننى ئىز-
دەپ بارىدۇ. دەلىلقان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز ھويلىسىدىن ئۆي ئاج-
رىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى لىشىڭلى دېگەن بىر كىشىنى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ قارا
خىزمەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. لىشىڭلى 48 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ مەجبۇ-
رىيەت ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ توينى دەلىلقان ئۆز قولى بىلەن قىلىدۇ. باشقىلىرىنى چىمۇر-
چىكتە دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار «بىز چىرۇچى قەبىلىسىدىن بولا-
مىز» دېيىشىدۇ. (دەلىلقان شۇ قەبىلىگە مەنسۇپ)

يەنە ئالايلۇق، 45 - يىلى قوماندانلىق شىتابى مۇھاپىزەت پەيىدىكى 2 جەڭچى دەلىلقاننىڭ ھويلىسى ئىچىدىكى ھاجەتخانىنى تازىلاش ۋاقتىدا 2 خەنزۇ كىشىنى تازىلاتقۇزۇپ، ئۆزى قول سالماي تۇرىدۇ. دەلىلقان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئاچچىقى كېلىپ ھېلىقى 2 جەڭچىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەھۋالنى سوراتقۇزىدۇ ۋە بىر كۆڭلۈك ئىش ھەققىنى بېرىدۇ. شۇنداقلا ھېلىقى 2 جەڭچىنى بىر ھەپتە قاماپ قويۇشنى قارار قىلىدۇ. بىر قېتىملىق سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا، دەلىلقان كادىرلارغا ئەسكەرتىپ «خەنزۇلارنى كەمسىتمەسلىك ۋە خارلىماسلىق، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك كېرەك» دەيدۇ.

يەنە بىر قېتىم، يەنى 45 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ قىسىملىرى ئالتايدىن قېچىپ ئورومگەت داۋىنىغا بارغاندا بىز تەرەپكە تەسلىم بولىدۇ. دەلىلقان بىر جەڭچىنىڭ بېيجىڭ ئېگىرى توقۇلغان بىر ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئابلەخەتكە ئاتنى ئىگىسىگە (تەسلىم بولغان خەنزۇ ئەسكەر) گە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تالان - تاراج قىلماسلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

7. دەلىلقان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە ئۈمىدۋار پوزىتسىيىنى ساقلايدۇ. ئامما ئارىسىدىمۇ ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ يۆنىلىشىنى پائال تەشۋىق قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي غەلىبىسىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «بىز دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلساق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تايىنىپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى 450 مىليون خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېڭىلمەس كۈچ بولۇپ قالغانلىقىنى؛ ھازىرغا قەدەر پۈتۈن جۇڭگونىڭ 40% زېمىنى، 37% خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى، ئالتاي خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى - ئۇزاق مۇددەتلىك قان تۆكۈپ جەڭ قىلىش داۋامىدا ئىنتايىن زور چىقىملارنى بەردى. ئۇزاققا قالمىغان كەلگۈسىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى بىلەن بىرىكىدۇ. بۇ ئالتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دەلىلقان سوگۇرباييوف باشتىن - ئاياغ ئالتاي خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ياخشى رەھبەر، مىللەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربان.

ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ داڭلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى.

ئۇنىڭ 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغۋار تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

دەلىلقان 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدۇ.

رەئىس ماۋزېدۇڭ 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «......... ئەخمەتجان قاتارلىق 5 نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشلىرى يولىدا قۇربان بولدى. ئۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.»

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى تۇرسۇن مۇسا

1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

---

بېشى 14 - بەتتە

ئۆتكۈزدى. خەلق نامايىش قىلىپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى قەتئىي ھىمايە قىلدى ۋە تەبرىكلىدى. 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ جانابلىرىغا ئېيتقان ئەڭ چوڭ مىننەتدارلىقىنى يەتكۈزگەندىن باشقا، پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلقىنىڭ جانابلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، بەختلىك ئىلغار مەدەنىيەت ياردىتىش، بارچە مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا يېڭى تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە يەتكۈزىمەن.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت رەئىسى ئەسقەت.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىلىدىن

ماۋجۇشىنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى:

ئەسقەت ئەپەندىگە ھەم شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا:

تەبرىكلىگەرگە رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋە پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قوشقان بىر مۇھىم تۆھپىسى. 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ خەلق دېموكراتىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

**ماۋزېدۇڭ**

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

# ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى

## گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى گاۋمىڭ ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى

**(1)**



1985-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي-قانۇن باشقۇرۇش كادىرلىرى شۆيۈەنىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى يولداش ۋاڭ تاۋ ئۆز ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گاۋمىڭ ناھىيىسىگە ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىگىلىگىلى كەلگەن. يولداش ۋاڭ تاۋ لوجىڭ بىلەن «شىنجاڭنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»دا سەبداش ئىدى، ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەبدىشىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، لوجىڭنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىشقا ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن كەلگەن.

شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ۋە يولداش ۋاڭ تاۋنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: لوجىڭ، خەنزۇ، 1915-يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گاۋمىڭ ناھىيە لوسۇن كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك ئاتىسى بىلەن شەرقىي شىمالغا ئوقۇشقا بارغانىكەن، «18-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جىلىن ئۆلكىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قاتناشقان، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭ شۆيۈەنىگە كىرىپ ئوقۇغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان. 1938-يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپى تەربىيىلەش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ گەنسىسى، قابا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن 3 قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1945-يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنلا «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار

ئىتتىپاقى» غا كىرگەن ھەمدە بۇ ئىتتىپاقتا مۇئاۋىن شۇجى ۋە شۇجى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىكى باشقا ئەزالار بىلەن بىللە گومىنداڭ مىللىتارىستى شېڭ شىسەينى قاماپ قويغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۈرمىدىكى ئەزالىرىغا يېقىنلىشىپ، يەل - يېمىش ۋە خەۋەر يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلغان ھەمدە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1947 - يىلى، گومىنداڭ دائىرىلىرى «25 - فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلغاندا لوجىڭ دەرھال «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت نامىسى» نى ئېلان قىلىپ، دۈشمەننىڭ «تىنچلىق بېتىم» گە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا كۈچلۈك مەدەت بەرگەن. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە خەۋىرى توغرىسىدىكى تەشۋىق ۋاراقلىرىنى بېسىپ چىقىپ ھەممە تەرەپكە تارقاتتى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى بىراشۇر قىلىپ مەخپىي تارقىتىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئاباسوف، ئىسھاقبېك، دېلىلقان قاتارلىق 5 نەپەر يولداش بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭگە كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە بۇ 5 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانغا يۇقىرى باھا بەردى. ماۋجۇشى مۇنداق دېگەنىدى: «ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولدى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇلدى ھەمدە ماۋزېدۇڭ يازغان مۇنۇ يادنامە ئويۇلدى: «مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا قۇربان بولغان يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوف، يولداش ئىسھاقبېك مۇنونوف، يولداش دېلىلقان سۇغۇرباييوف، يولداش لوجىڭلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات! (يولداش ۋاڭ تاۋ يەتكۈزۈپ بەرگەن «يولداش لوجىڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» ھەمدە «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 1986 - يىلى 2 - ئايدىكى نەشرىگە قارالسۇن) يولداش لوجىڭنىڭ سەبدىشى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋيۈەنجاڭى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى «پارلاق ئەتە ئۈچۈن» دېگەن ماقالىسىدا: يولداش لوجىڭ «كۈرەش تەشكىلاتى» رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزمغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە سادىق، ئۆزىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، پىداكارانە روھ بىلەن ئىشلەيدىغان ياخشى يولداش ئىدى. «كۈرەش تەشكىلاتى» ئۈرۈمچىنى نۇقتا قىلىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدا كۈرەش قىلىش

داۋامىدا ئۇ، ئاكتىپ رول ئوينىدى» دېگەن. («خەلق گېزىتى» 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 5 - بېتىدە)

گاۋمىڭ ناھىيىسىدە لوجىڭدەك مۇشۇنداق بىر نەپەر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ شەرەپلىك جەڭچىسى بارلىقىنى، يولداش ۋاڭ تاۋ زىيارەتكە كېلىشتىن ئىلگىرى، بىز پەقەت بىلمەيتتۇق؛ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تىزىملىكىدىمۇ لوجىڭ دېگەن بۇ ئىسىم يوق ئىدى. بىز شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، ئىنقىلابىي قۇربان يولداش لوجىڭ گاۋمىڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، دوگبېيگە بېرىپ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇتقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، كېيىن شىنجاڭغا بېرىپ ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بارغان، ئەڭ ئاخىرىدا خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەغدىم قىلغان. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شان - شەرىپى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇرتى بولغان گاۋمىڭ ناھىيىسىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى؛ يولداش لوجىڭنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىش، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى «گاۋمىڭ ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈش، ئىنقىلابىي ئەنئەنە روھىنى جارى قىلدۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى دەرھال قانات يايدۇردۇق.

(2)

ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى كونكرېت ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقتىن، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۇ«لوسىۇن كەنتىدىن» دېگەن مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ، قانات يايدۇرۇشقا توغرا كەلدى. بىراق، ناھىيىمىزدە «لو» دېگەن خەتتىن قول سېلىشقا يەنى، «داو» خېتىنى ۋە «لو» فامىلىلىكلەر بار بولغان كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ، بىر ئايدەك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، شۇنىڭدەك مۇشۇ ئارىلىقتا ئاممىمۇ بىر قانچە ئادەمنى مەلۇم قىلدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق.

ئاممىنى كەڭ تۈردە قوزغاپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىزدەش ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىز 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى نەشىر قىلىنغان «گاۋمىڭ ناھىيە تەزكىرىسى قىسقا خەۋىرى»دە بىخەتەر ئېلان قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ «لوسۇن كەنتىدىن، كىچىكىدە كىچىك ئاتىسى (ئىسمى ئېنىق ئەمەس) بىلەن بىرلىكتە ئۆيدىن ئايرىلىپ شىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى» دەك كېلىپ چىقىش ئالاھىدىلىكىنى ۋە 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكالەتەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭگە كېتىۋاتقان سەپىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايقال رايونىدا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىقىدەك ئىنچىكە ھالقىلارنى ئاشكارىلاپ، لوجىڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشنى سەممىمىي تەكلىپ قىلغانىدۇق. 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ناھىيىلىك

يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى لى يۇفىڭ بىزگە تېلېفون ئارقىلىق، يۈەنگاڭسۈن كەنتىدىكى لوچاڭشىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئىنقىلابىي قۇربان لوجىڭنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە باپ كېلىدىكەن. بىرىنچىدىن، يۈەنگاڭسۈن كەنتىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى بەزىلەر «يۈەنگاڭسۈن كەنتى» دەپ ئاتايتتى. (بۇنى كېيىن ياشانغان يولداشلارمۇ ئىسپاتلىدى، پارتىزان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇلارمۇ يۈەنگاڭسۈن كەنتىنى «يۈەنگاڭلو» دەپ ئاتىغانىكەن)؛ ئىككىنچىدىن، لوچاڭشىڭنى 9 ياش ۋاقتىدا كىچىك ئاتىسى لوشىنجى چاڭچۈن شەھىرىگە ئوقۇشقا ئېلىپ كەتكەن؛ ئۈچىنچىدىن، 1949 - يىلى ئازادلىقتىن بۇرۇن، يۇرتىدىكى خەقلەر لوچاڭشىڭنىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقى، ھەمدە ئۆز ئىسمىنى لوجىڭ دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىكەن؛ تۆتىنچىدىن، 1950 - يىلى باھار بايرىمى مەزگىلىدە، دېھقانلار جەمئىيىتى شىر ئويۇنى ئويناپ كېلىپ، لوجىڭنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىغان ۋە «شەرەپلىك ئائىلە» دېگەن دۈيلىيەنلەرنى چاپلاپ ھال سورىغان. شۇ يىللىنىڭ ئاخىرىسىدا، كېيىنتىن لوجىڭنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسىگە يولۇقۇپ قۇربان بولغانلىقىنى ئۇققانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، بىزگە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىز ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن.

1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن كېيىن، بىز يۈەنگاڭسۈن كەنتى بىلەن دوڭفېڭ كەنتىگە 5 قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، لوياۋجى، يەنۋاڭدى، لويىنسەي، لوجىنپىڭ ۋە باشقا ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بولغان 10 نەچچە كىشىنى زىيارەت قىلدۇق، ھەمدە ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىككى قېتىم كىچىك تىپتىكى ئۇنئالغۇ سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق. ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى رەتلەش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، لوچاڭشىڭنىڭ ئۆزى لوجىڭ ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدۇق ھەمدە تەكشۈرۈشنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسىنى ئالاقە ئارقىلىق يولداش ۋاڭتاۋغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنى كاۋمىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ، بىز بىلەن بىرلىكتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدۇق. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يولداش ۋاڭتاۋ ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ تەرجىمىھالى بىلەن رەسىمىنى ئېلىپ، يەنە كاۋمىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ، بىز بىلەن بىرلىكتە يۈەنگاڭ، دوڭفېڭ كەنتلىرىگە بېرىپ، يۇقىرىقى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ تەكشۈردى، سېلىشتۇرۇش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، يولداش ۋاڭتاۋمۇ بىزنىڭ تەكشۈرۈش يەكۈنىمىزگە قوشۇلدى.

(3)

قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، لوجىنپىڭ (دېھقان، 59 ياش، لوجىڭنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى، 12 ياش ۋاقتىدا چاڭچۈن شەھىرىدىن يېزىغا كەتكەن بولۇپ، ھازىر ناھىيىمىزنىڭ سەنجۈچۈ رايونىنىڭ دۇڭتىڭسۈن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق) يەنۋاڭدى (ئايال، 72 ياش، ھازىر ناھىيىمىزنىڭ رېنخېچۈ رايونىنىڭ يۈەنگاڭسۈن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق)، لويۇنسەي. (دېھقان، ئايال، 50 ياش، ھازىر ناھىيىمىزنىڭ رېنخېچۈ رايونىنىڭ يۈەنگاڭ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق،) لوياۋجى، (دېھقان، 76 ياش، لوجىڭنىڭ ئۇرۇقداش ئۇكىسى، ھازىر ناھىيىمىزنىڭ رېنخېچۈ رايونىنىڭ يۈەنگاڭسۈن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق)، دوئېرگو، (64 ياش، پېنسىيىگە چىققان كادىر، دۇجۇيىگىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى، ھازىر كاۋمىڭ بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق)، لى دىڭچۈەن، (ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

قاتارلىق ئەھۋالىنى بىلىدىغان بىر كەنتتىكىلەردىن 10 نەچچە كىشى يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىياللار بىزنىڭچە ئىشەنچلىك بولغانلىقتىن، تۆۋەندىكىچە ئومۇملاشتۇردۇق.

لوجىڭ، ئەسلى ئىسمى لوچاڭشىڭ. ئاتىسى لوشەنجى، چوڭ ئاتىسى لوشۇنجى، كىچىك ئاتىسى لوشىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لوشەنجى گۇاڭجۇدا قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچقانىكەن. ئۇ ئەككى خوتۇن ئالغان بولۇپ، چوڭ خوتۇنى يېزىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن (تۇغماس). كىچىك خوتۇنى ئۆزى بىلەن بىللە گۇاڭجۇدا تۇرىدىكەن لوجىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ يالغۇز ئوغلىكەن. لوجىڭ 4 - 5 ياشقا كىرگەندە، قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ سودىسى تاقىلىپ قالغاندا ئاتا - ئانىسى لوجىڭنى بىرگە ئېلىپ، يۇەنگاڭسۇنگە قايتىپ كەلگەنىكەن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا لوجىڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن لوجىڭنى چوڭ ئاپىسى بېقىپ 8 ياشقا كىرگەن چاغدا، ئۆز كەنتىدە بىر يىل ئوقۇتقانىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى شوخ «باشقۇرماق تەس» بولغانلىقتىن، ئىككىنچى يىلى كىچىك ئاتىسى لوشىنجى ئۇنى دۇكىنىنىڭ چاڭچۇن شەھىرىگە بىرگە ئېلىپ كەتكەنىكەن. ئەينى ۋاقىتتا - لوشىنجى چاڭچۇن تۆمۈر يول ئىدارىسىدا رۇسچە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەنىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ئەسلى چاڭچۇن شەھىرىدىن بولۇپ، بۇرۇن تۇغمىغانىكەن، بىر جىيەن ئوغلى بولۇپ، ئىسمى لودۇڭشىڭ، ئۇنىڭ ئۆز قىزى لوجىنپىڭ، لوشۇپىڭلار بولسا لوجىڭ چاڭچۇنغا قايتقاندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنىكەن.

لوجىنپىڭنىڭ ئەسلىشىچە: ئۇ تەخمىنەن 4 - 5 ياش ۋاقتىدا، لوجىڭ بىلەن لودۇڭشىڭلار مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، لوجىڭنىڭ بويى پاكار ھەم سېمىز ئىكەن، ئەينى ۋاقىتتا 1931 - يىلى ياپون جاھانگىرلىكى دۇڭبېيغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، لوجىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەيمەن دېگەن بولسىمۇ، كىچىك ئاتىسى لوشىنجى رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغانىكەن. ئىككىنچى يىلى (1932 - يىلى)، لوجىڭ بىلەن لودۇڭشىڭ بىرلىكتە ئوغرىلىقچە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن: «ئىككىمىز ئاۋۋال بىر سىرتقا ئىش ئىزدەپ كەتتۇق» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ كېيىن قايتىپ كەلمىگەنىكەن، يولداش ۋاڭ تاۋ سۆزلىشىپ بېرىپ، لوجىڭنىڭ سۈرىتىنى لوجىنپىڭغا كۆرسەتكەندە، ئۇ كۆرۈپلا ھەئە، تازا ئوخشايدىكەن، تازا ئوخشايدىكەن! «دېگەن». (لوجىنپىڭ ۋە سىڭلىسى شۇپىڭ 1939 - يىلى ئاتىسى ۋە ئۆگەي ئانىسى بىلەن يېزىغا قايتقان. ئۇلارنىڭ شىڭلىسى ۋە نەرسە كېرەكلىرى يولدا يۈتۈپ كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، گاۋمىڭ ناھىيىسىنىڭ يۇەنگاڭسۇن كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، قولىدا ھېچ نەرسىسى قالمىغانلىقتىن ئامالسىز قېلىپ، ئۇنى لۇتاڭسۇن كەنتىدىكى بىر ئائىلىگە ئاسراندى قىلىپ بولۇشقا بېرىۋەتكەن. سىڭلىسى شۇپىڭ كېسەل بولۇپ داۋالىنىشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ياپون

جاھانگىرلىكى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، لوجىنپىڭنىڭ ئاتىسى ئۆكەي ئانىسى بىلەن يەنە دۆڭبېيغا قايتىپ كەتكەن. چاڭچۈن شەھىرىدىن بىر پارچە خەت كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىز-دېرىكى يوقىلىپ كەتكەن. لوجىنپىڭنىڭ ھازىرقى ئائىلىسى — ئازاد-لىقتىن كېيىن لوتاڭسۇن كەنتىدىن ئايرىلىپ دۆڭفېڭسۇن كەنتىگە كېلىپ قايتىدىن قۇر-غان ئائىلە ئىكەن.

يەنۋاڭدى (يولدىشى ھىندىستاننىڭ كالكوتتا شەھىرىدىكەن، يەنۋاڭدىمۇ يېزا قائىدە يوسۇنى بويىچە ئەر يېنىدا بولمىسىمۇ «خوراز قولتۇقلاپ توي قىلغان» ئۇ، دۇجۇيىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى) لوينىسەي (دوجۇيىڭنىڭ بېقىۋالغان قىزى)، لوياجى ۋە باشقا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغانلارنىڭ ئەسلىشىچە، 1939 - يىلى، لوجىننىڭ چوڭ ئانىسى لوجىن يېنىدا بولمىسىمۇ خوراز قولتۇقلۇتۇپ نىكاھ ئوقۇيدىغان «يېزا قائىدە يوسۇنى بويىچە لوجىنغا بىر خوتۇن ئېلىپ بەرگەن، بۇنىڭ ئىسمى دۇجۇيىڭ، رېنخې رايونىنىڭ دانەن-سۇن كەنتىدىن- ئامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، 1946 - يىلى ئەتىيازدا، لاياۋجى لوجىننىڭ شىنجاڭدىن يۈەنگاڭسۇن كەنتىدىكى لوفامىلىلىك ئورۇق-تۇغقانلىرىغا يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان، ئۇ يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ لوچاڭشىڭ دېگەن ئىسمىنى لوجىن دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتقان، خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لوياۋجى خەتنىڭ مەزمۇنىنى دۇجۇيىڭغا ئېيتقانىكەن. ھەمدە لوياۋجى ئۆز قولى بىلەن لوجىنغا جاۋاب خەت يازغانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا دۇجۇيىڭ لوجىننىڭ 2 - قېتىم يازغان سالام خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان؛ لوجىن ئۇ يەنى بىر قېتىم ئائىلە ئەھۋالىنى سورىغان ھەمدە دۇجۇيىڭغا تەسەللى بېرىپ: سىز ئۆيىمىزگە كېلىپلام تۇل ئۆتتىڭىز، چوڭلارغا قارىدىڭىز، جاپا چەكتىڭىز دېگەن. خەتتە كۆيۈنۈش ھېسسىياتى تولغان. دۇجۇيىڭ باشقا بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، جاۋابەن سالام خەت يازدۇرۇپ ئەۋەتكەن. خەتتە لوجىنغا ئۆينىڭ ئەھ-ۋالىنى مەلۇم قىلىپ، چوڭ ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ۋە ئارىيەتكە ئالغان دەپنە خىراجىتىنى قايتۇرۇپ بولغانلىقىنى؛ قېرىغاندا تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولسۇن دەپ بىر قىز بالا بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنى لوينىسەي قويغانلىقىنى ئېيتقان. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، دۇجۇيىڭ لوجىن ئەۋەتكەن مىڭگو پۇلىدىن 500 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇپ ئالغانىكەن. بۇ پۇل مىڭچىڭ شەھىرىدىكى دورا دۇكىنى «تىيەنخېشاڭ» غا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، يەنۋاڭدى دوجۇيىڭ بىلەن بىرگە مىڭچىڭ شەھىرىگە بېرىپ، «تىيەن-خېتاڭ» نىڭ تامغىسىنى بېسىپ ئالغانىكەن. (ئەينى ۋاقىتتىكى «تىيەنخېتاڭ» نىڭ خو-جايىنى يەنۋاڭدى بىلەن بىر كەنتلىك ئىكەن.) ئۇزاق ئۆتمەيلا لوجىننىڭ يەنە بىر پارچە سالام خېتىنى ۋە بىر پارچە رەسىمنى تاپشۇرۇپ ئالغانىكەن. (ئۇ رەسىم ياخشى ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاقاچان نەملىشىپ، ئۆڭۈپ كەتكەن ۋە بۇندىن نەچچە يىل ئىلگىرى يوقۇپ كەتكەن). ئەينى ۋاقىتتا دۇجۇيىڭ ياش سالتاڭ بولۇپ، ئائىلىنى تىرىش-

چان، ئىقتىساتچىللىق بىلەن باشقۇرغانلىقىدىن، يىغىپ قويغان پۇلىغا 5 - 6 مو يەر سېتىۋالغان ھەمدە كەنتىدىكى ئۆزى بىلەن يېقىن ئايالالار بىرلىكتە «10 ئائىلىلىك دوستلار ئۇيۇشمىسى» قۇرغان. بو «ئۇيۇشمى» غا ھەر بىر كىشى 50 جىڭدىن تېرىق پاي قوشۇپ دەسمايە قىلىپ ئۆسۈمكە قەرز بەرگەن، دوستلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالغان ئۆسۈم پايدىسىنى يىلدا بىر قېتىم ئولتۇرۇش قىلىشقا خەشلەيدىكەن ھەمدە ئۇيۇشما ئەزالىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندا قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئارىيەتكە بېرىلگەن. بۇ «ئۇيۇشما» تەخمىنەن ئىككى يىلدەك داۋام قىلىنغانىكەن. يولداش لىدېڭچۇەننىڭ ئەسلىشىچە: شۇ جايدىكى دېھقانلار جەمئىيىتى 1950 - يىلى، چاغاندا لوجىڭنىڭ ئائىلىسىگە «شەرەپلىك ئائىلە» دېگەن قىزىل دۇيلىيەنلەرنى چاپلىغان ھەمدە شىر ئويۇنى ئويناپ ھېيتلىغان ھەم ھال سورىغان. لېكىن يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، دۇجۇيىڭنىڭ بىرئاز يېرى بولغانلىقتىن ۋە «10 ئائىلىلىك دوستلار ئۇيۇشمىسى» تەشكىل قىلىپ ئۆسۈمگە قەرز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ تەركىبى باي دېھقان ئونسۇرى قىلىپ ئايرىلغان.

يەنۋاڭدىنىڭ ئېيتىشىچە: دۇجۇيىڭنىڭ تەركىبى باي دېھقان قىلىپ ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ ئۈيىگىمۇ ئانچە كۆپ بارالمايدىغان بولۇپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ، كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كەتكەنىكەن. دۇجۇيىڭ 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، لۇجاۋجىدىن لوجىڭ قاتارلىق كىشىلەر ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن قۇربان بولغانلىقىنى كېيىنكە چىقىرىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چوڭقۇر ھەسرەت چەككەن ۋە يوشۇرۇنچە بىر نەچچە كۈن يىغلاپ، ئىسرىق سېلىپ، شام يېقىپ، قەغەز كۆيدۈرۈپ تەزىيە بىلدۈرگەن. شۇ چاغدا ئۇ، ۋاڭدىگە: «مېنىڭ ئېرىم ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئەمدى مېنىڭ ھېچ قانداق ئۈمىدىم قالمىدى، ئادەم مۇشۇنداق ھالەتتە ھايات ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈۋالغان ياخشىراق دېگەنىكەن، يەنۋاڭدى ئۇنىڭغا قايتا - قايتا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ: سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ماڭا ئوخشىمايدۇ، قانداق بولمىسۇن سىزنىڭ ئېرىڭىز ھىندىستاندا ھايات، يەنە ئۈمىدىڭىز بار، ئەمما مېنىڭچە؟ ھېچقانداق ئۈمىدىم قالمىدى!» دېگەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا، دۇجۇيىڭ ئاخىرى بېقىۋالغان قىزى لوينەسەينى تاشلاپ قويۇپ، ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان.

لوجىڭنىڭ بۇرۇنقى ئۆيلىرى ساق بولۇپ، بېقىۋالغان قىزى لوينەسەي ساقلىماقتا؛ لوجىڭنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى لوجىنپىڭ ۋە دۇجۇيىڭنىڭ بىر قورساق ئىنىسى (يەنە لوجىڭنىڭ قېينىسىنىسى) دۇئېرگو ھازىرمۇ ھايات.

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئىدرىس

1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

# مەدەنىيەت سېپىدىكى قەيسەر جەڭچى

## — قاسىمجان قەمبىرىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

«ھەشقىپىچەك، باغدا رەيھان، شېخىدىن ئايرىلمىسۇن»

باھارنىڭ ئىللىق شامىلى يەر يۈزىدىكى بارچە شەيئىلەرنى ئويغاتقان، دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالارنى كۆكەرتكەن باش ئەتىياز پەسلىدە، دۇتارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئېيتىلغان بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ، ۋاپات بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى، شائىر ھەم دراماتورگى قاسىمجان قەمبىرىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدىم. 1956-يىلى 9-ئايدا، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىمىزدىكى بۇ بىباھا گۈلنى ئەزرائىلنىڭ ۋەھشى قولى رەھىمسىز ئۈزۈپ ئېلىپ كەتتى. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئۆمرى كۆرەش قاينىمىدا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بىر قولىغا قورال ئېلىپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان بولسا، يەنە بىر قولىغا قەلەم ئېلىپ، «غېرىپ-سەنەم»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «شائىلىق غەلىبە» گە ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى ۋە كۆپلىگەن شېئىر يازدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ نامى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنى بەرپا قىلىشتا ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن زاتلار بىلەن بىر قاتاردا ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرى 1910-يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بۇيامەت يېزىسىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئوقەت قىلىش كويىدا دادىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ ۋە شۇ جايدا داۋاملىق ئوقۇيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قاينام-تاشقىنلىق يېڭى ھايات شارائىتىدا، ئۇنىڭ ئاڭ-سەزگۈسى ۋە مەدەنىي سەۋىيىسى تېز ئۆسۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىدۇ، ھەمدە سەھنىدە ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ 1932-يىلى ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كۈن سايىن كۈچىيىۋاتقان خەلق ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىگە پائال قاتنىشىپ، مەدەنىيەت سېپىدىكى قەيسەر جەڭچى بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئىناق نامى بىلەن نۇرغۇن ئىنقىلابىي جۇشقۇنلۇققا تولغان لىرىك شېئىرلىرىنى يېزىپ چىقىپ، خەلق ئاممىسىنى مەدەنىي بىلىمنى ئۆستۈرۈپ، ئويغىنىپ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى باتۇرانە كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭدا دېموكراتىك مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئالغانىدى. 1934-يىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا ئۆلكە بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇنىڭ شۆبىلىرى ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى. بۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئويناش بىلەن بىللە، مۇزىكا، ناخشا-ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىلدى.

قاسىمجان قەمبەرى ئەشۇ مەدەنىيەت ئۆمەكلىرىنى بەرپا قىلغۇچىلاردىن بىرى. 1936- يىلى ئۇ ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب - سەنەم» ئاساسىدا، «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنى ئىشلەپچىقىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ داڭلىق ئوپېرانىڭ ئاساسى مۇزىكىسىغا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ گۈل تاجىسى بولغان 12 مۇقامنىڭ راك، ئوشاك، مۇشاۋىرەك، ناۋا، ئۆزھال، چەمبىيات قاتارلىق مۇقاملىرى ۋە «غېرىب - سەنەم» داستانىنىڭ خەلق ئېغىزىدا ئوقۇلۇپ كەلگەن تېكىستلىرى قوللىنىلدى. ئۇنىڭ قىسمەن مۇزىكىسى خەلق كومپوزىتورلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، قىسمەن تېكىستى ئوپېرا ئاپتورىنىڭ ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ئىشلەپچىققانىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇنجى دۇنياغا كەلگەن بۇ ئوپېرا كەڭ خەلققە ئوينالغاندا، ئوپېرانىڭ باش رولچىسى غېرىبنىڭ رولىنى قاسىمجان قەمبەرىنىڭ ئۆزى ئېلىپ چىققانىدى.

1939- يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، خەلقئارا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شېڭ شىسەي خەلق ئارىسىدا تەسىرى بار زىيالىيلارنى ۋە ئاتاقلىق ئەرباپلارنى ھەر خىل بانا - سەۋەبلەر بىلەن نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىشقا ۋە قەست قىلىشقا باشلىدى. قاسىمجان قەمبەرىمۇ شۇلار قاتارىدا قولغا ئېلىنىپ قاراقچى شېڭ شىسەينىڭ قاراڭغۇ زىندىنىغا تاشلاندى.

ئەمما، بىر قانچە يىللىق تۈرمە ھاياتى، شۇنداقلا، قاتتىق جازا، ۋەھشىلەرچە ئازابلار ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ نەزەربەنت ئاستىدا تۇرسىمۇ، يەنىلا ئازادلىق، خەلقچىللىق يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇن ئىنقىلاب مەزمۇنىغا ئىگە جەڭگىۋار شېئىر يېزىپ چىقتى، ھەممە ئۇلارنى ئاھاڭغا سېلىپ كەڭ تاراتتى. ئۇ يەنە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، «شانلىق غەلىبە»گە ئوخشاش درامما ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى رىغبەتلەندۈردى. بۇ مەزگىل، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قاتتىق قۇتۇراۋاتقان بىر مەزگىل بولغاچقا، قاسىمجان قەمبەرى داۋاملىق تۈرۈمچىدە تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. شۇڭلاشقا ئۇ يوشۇرۇن ھالدا ئىلىغا بېرىپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشى غەلىبە قازاندى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مەدەنىي - مائارىپ، تىببىي ۋە خەلق سوت قاتارلىق تارماقلاردا مۇھىم خىزمەتلەردە بولدى. بۇ مەزگىلدە ئىنقىلابىي ئۇرۇشلار داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇ بىر جەھەتتە، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئوبدان ئادا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلدى؛ يەنە بىر جەھەتتە، نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىر يېزىپ چىقتى. بۇ شېئىرلار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «رەقىبىمگە» دېگەن شېئىر ئەنە شۇلارنىڭ بىرى:

بۈگۈن كېچە كۆز يۇممۇدۇم بەخت تىلەپ،
مۆلدۈرلەيدۇ. جۇدالىق ياش كۆزۈمدە.
بۈگۈن كېچە يارىم بىلەن سىرداشتۇق،
شېرىن ئويقۇ شات - خۇراملىق يۈزۈمدە.

ئاي ئاسماندا يۇلتۇزلارغا نۇر چاچار،
بىز ئايرىلماس بولدۇق ئەبدى مەڭگۈگە.

ئۇ بۇ شېئىرىدا خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قازانغانلىقىنى ۋە ئازاد نۇرىنىڭ پۈتۈن 3 ۋىلايەت زېمىنىنى نۇرلاندۇرغانلىقىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا مەدھىيىلەيدۇ. شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ ئاخىر ئىشقا ئاشقانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئوي - پىكرى «خانتەڭرى» ژۇرنىلىنىڭ 1946- يىل 3- سانىغا بېسىلغان «خانتەڭرى»، «بايرامغا بېغىشلايمەن» دېگەن شېئىرلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلىدۇ. مەسىلەن:

تەكلىپ قىلدى خانتەڭرى،
سالام بەردۇق بىز ئاڭا.
دوستلار سىلىگلار پاياندار،
ياڭرىتىپ نەغمە - ناۋا.
قەدىمىڭىز مۇبارەك،
ئەي يارانلار، سىرداشلار.

ياڭرىسۇن ساز ناخشىلار،
يايرىسۇن جۈپ ئاشىقلار.
ئۆتەر كۈنلەر،
چېكەرمەن ئاھ.
ئىناق بىلەن دوست بولغاچ،
ئۇسسۇل ئوينار پەرىشتىلەر.

بۇلاردىن باشقا، شائىر ئۆزىنىڭ «پەيتىم»، «ياشلىق دەۋرىم»، «ۋەتەن ئىشقى»، «ئاچا - سىڭىللار»، «ئۇنتۇمايمەن» دېگەن شېئىرلىرىدىمۇ ۋەتەن، خەلق ۋە ئىنقىلابنى چەكسىز مەدھىيىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ قەھرىمان ئىنقىلابچىلارغا بولغان مۇھەببىتىنى، گۈزەل ئىستىقبالغا بولغان ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئىزھار قىلىدۇ، ھەمدە ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ مەھكۇملىكىنى جاكالايدۇ.

1945- يىلى 3 ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈرىشى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەنىدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرىقىغا بىنائەن پارتىزان ئەترىتىنى باشلاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كېلىپ، باي قاتارلىق ناھىيىلەردە بازىس قۇرۇپ، مىللىي ئىنقىلاب ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى كۈرەشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

1947- يىلى «11 ماددىلىق بېتىم»گە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ، مۇئاۋىن ۋالىلىق خىزمىتىنى ئۆتىدى. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ خەلق ئاممىسىنى تېزدىن تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ باردى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى

ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا 4 ئوردېن، مېدال تەقدىم قىلدى.

1947- يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «11 ماددىلىق بىتىم» نى بۇزۇپ، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم زاتلارنى قولغا ئېلىپ ھەربىي تۈرمىگە قامىدى. ئۇ تۈرمىدە قەلەمنى قورال قىلىپ، شېئىر بىلەن تۈرمىداشلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئىلھاملاندۇردى. مەسىلەن:

يارىم ئەھۋال سورايدۇ،
مەن ئۆكزىدە، ئۇ ئۆيدە.
كۆرەلمىدىم گۈل يۈزىنى،
ئۇ دېرىزە ئىچىدە.

ئۆزۈكى بار قولىدا،
شەرەت قىلدى ئۇ ماڭا.
توختاڭ دېگەن ئۈنىدە،
مەس بولۇپ باقتىم ئاڭا.

يىغىپ بار ئەس - ھوشۇمنى،
يار ۋەسلىگە ئېرىشتىم.
ئۇنىڭ يۈرەك سۆزىنى
ئاڭلىماققا تىرىشتىم.

چېكى بارمۇ ئازابىنىڭ
يەنە چۆكتۇم قايغۇغا،
كۆرسەم جۇما كۆزۈڭنى،
ئېرىشەتتىم شاتلىققا.

باشقىلاردەك ۋاپاسىز،
رەھىمسىز بوپ قالماستىن،
ئىناق قويۇپ لەقەمنى
ساز چال قولۇڭ تالماستىن.

ئازادلىقتىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى كۇچا ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. خىزمەت ھەرقانچە جىددىي بولسىمۇ، ئۇ مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى بوشاشتۇرمىدى. تۈرلۈك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەش، كېڭەيتىش ۋە راسخوت، كادىر ئىشلىرىغا ئوخشاش كونكرېت ئىشلارنىمۇ شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى.

ئۇ تۇردى ئاخۇن، مۇھەممەت ئۆمەر قاتارلىق سەنئەتكارلىرىنى تەشكىللەپ، كۆپ ئەسىردىن بېرى خەلق ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ تارىلىپ كەلگەن 12 مۇقامنى ۋە باشقا

خەلق مۇزىكا ۋارىسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە سەھنىلەشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ باردى. ئۇ يەنە كۆچ تەشكىللەپ، تاشىۋاي قاتارلىق داڭلىق خەلق مۇزىكانتلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە بۇ ھەقتە ماتېرىيال توپلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى. «تەشەككۈر»، «دىيارىم»، «گۈل ئېچىلدى بۇ باغدا» غا ئوخشاش ئۇنىڭ ئۆزى ئاھاڭغا سۆز ئىشلىگەن ياكى سۆزگە ئاھاڭ سەپلىگەن ناخشا - غەزەللەر، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور بېيىتىپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە كەڭ تارىلىپ كەلدى. ھەتتا بۈگۈنگىچە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولماقتا.

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ شېئىرلىرى قاپىيە - ۋەزنى سىلىق، تىلى ئاممىباپ ھەم مۇڭلۇق بولغاچقا، خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ناخشىلىرى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ~~~~تتە كەڭ تارىلىپ كەلدى. مەسىلەن:

باھار كېلىپ يۇرتۇمنى،<br>قۇياش نۇرى قاپلىدى.<br>دەۋرىمىز ئاۋات بولۇپ،<br>ناخشا - كۈيلەر ياڭرىدى.<br>ھەشقىپىچەك، باغدا رەيھان،<br>شېخىدىن ئايرىلمىسۇن.

(«دىيارىم»)

گۈل ئېچىلدى بۇ باغدا،<br>تىكەنلەر كۆرەلمەيدۇ.<br>دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنى،<br>دۈشمەنلەر بۇزالمايدۇ.

(«گۈل ئېچىلدى بۇ باغدا»)

قاسىمجان قەمبىرى شىڭشىسەي ۋە گومىنداڭ تۈرمىلىرىدە ئۇزۇن مۇددەت ئازاب - لانغانلىقى ئۈچۈن، يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. 1956 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇنىڭ كېسىلى تەسادىپى قوزغالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت سېپىمىزدىكى بۇ قەيسەر جەڭچىنىڭ، ئۆز ئۆمرىنى ۋەتەن ۋە خەلققە بېغىشلاپ بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن داڭلىق ياتىمىزنىڭ تېنىقى توختىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدە تەنتەنىلىك دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سىرداشلىرى، سەپداشلىرى ۋە سانسىز خەلق ئاممىسى قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يېزىلغان شېئىرلارنى ئوقۇپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ شائىرى ۋە سۆيۈملۈك رەھبىرى بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراسلىرى بىزنى مەڭگۈ ئالغا ئىلھاملاندۇرغۇسى. ئۇ مەڭگۈ قەلبىمىزدە ياشىغۇسى.

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مادىلۇڭ

**تارىخ ھەققىدە بايان**

# شىنجاڭ 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى

1944 - يىلى يازدا، شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 رايونىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش كۆتۈرۈلگەنىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە مىللىي زۇلۇمىغا چىداپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئۇيغۇر، قازاق مىللىتىنى ئاساس قىلغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى ۋە باشقا تەبىقىدىكى خەلقلەر قوزغىلىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب 1949 - يىلى 9 - ئايغىچە، يەنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئىنقىلابقا قاتناشقان قوراللىق كۈچلەر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋار سېپىگە رەسمىي قوشۇلدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشىغا گومىنداڭ، شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ چارۋىچىلارنى زورلۇق بىلەن ھەربىي ئات ئىئانە قىلدۇرۇش بىۋاسىتە سەۋەبچى بولدى. 1943 - يىل 3 - ئايدا، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شىڭ شىسەي ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى خەلق مال مۈلۈكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ھەر مىللەت چارۋىچىلىرى ھەربىي قوشۇنلارغا 10 مىڭ ئات ئىئانە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن، جايلاردا ئات ئىئانە قىلىش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. ئىئانە قىلىنىدىغان ئاتنىڭ سانى بۆلۈپ بېرىلدى. ھەممە ئات ئىئانە قىلىشقا كۈچى يەتمىگەنلەر بازار باھاسىدىن ئىككىدىن بىر قىسىم يۇقىرى ئات ھەققى بېرىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. بۇلاڭ - تالاڭ خاراكتېرىدىكى بۇ تەدبىر، شۇ زاماندا، ھەر مىللەت چارۋىچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. 1944- يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىكى ئۇلاستاي يېزىسىدا، قازاق - ئۇيغۇر، تاتار مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان مىڭدىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچىلار (پاتىخە، ئەكبەر سەيىت، ئوسمان غېنى) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇنجى بولۇپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ (مىللىي - دېموكراتىك ئىنقىلابىي) ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى ئوقىنى ئاتتى. پارتىزانلار قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ۋە ساقچىلارغا زەربە بېرىپ، ئولجا ئالغان قورال - ياراق ئوق دورىلار بىلەن قوراللىنىپ، ئۆزىنى كۈچەيتتى. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پارتىزانلار ئۇلاستايدا رەتكە سېلىندى، ئارقىدىنلا، قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن ھەربىي-ساقچىلارغا يەنە زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ داڭقى چىقتى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، پارتىزانلار نىلقا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇ مەزگىل ئىچىدە، غۇلجا، ئالتاي رايونلىرىدىكى پارتىزانلارمۇ گومىنداڭنىڭ شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ۋە ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. 11 - ئاي-

نىڭ باشلىرى، نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا «ئازاد تەشكىلاتى»نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلدى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 رايوندا قوزغىلاڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوزغالدى. بۇ ۋاقىتتا، «ئازاد تەشكىلاتى»نىڭ قوماندانلىقىدا، ئىلى رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسيانچىلار قوزغىلىپ، ئالەكساندىر رەھىمجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنى قولغا چۈشۈردى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىسيانچىلار ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى.

ئىلى نىلقا قوزغىلىڭى مەزگىلىدىلا، چۆچەكتىكى گومىنداڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «موڭغۇل، قازاق ھەر مىللەت ئازاد كومىتېتى»، كەڭ تۈردە ئىنقىلابىي تەشۋىقات - تەرغىبات ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى. ھەمدە غۇلجا «ئازاد تەشكىلاتى» بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانىدى. ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى ئاستىدا، چۆچەك رايونىدىكى پارتىزانلار ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلدى. 45 - يىل 7 - ئايدا، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى پالىنوۋ بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ چۆچەككە يۈرۈش قىلدى، ئۇلار تېزدىنلا تارباغاتايغا بارىدىغان يولدىكى مۇھىم شەھەر بولغان دۆربىلجىن ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، تارباغاتايغا بېسىپ كېلىپ، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تارباغاتاينى قولغا چۈشۈردى. ھەمدە يېڭى تارباغاتاي مەھكىمىسىنى قۇردى. چۆچەك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە جەڭ مېۋىلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پۈتۈن چۆچەكنىڭ 6 ناھىيىسىنى تولۇق ئازاد قىلدى.

ئالتاي رايونىنىڭ قوراللىق ئىسيانى، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىلقا، غۇلجا قوزغىلىڭى مەزگىلىدىلا، دەلىلقان قاتارلىقلار پارتىزانلارنى باشلاپ ئالتاي ناھىيىسىگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغانىدى. لېكىن كۈچ ئاجىز كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە قىلالمىدى. 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، ئۇلار يەنە ئىككى قېتىم قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ياردىمىدە قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. 9 - ئاينىڭ باشلىرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي فرونت قىسىملىرى دۆربىلجىننى ئىشغال قىلدى، ھەمدە شۇ جايدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ ئالتاي ناھىيىسىگە تېز سۈرئەت بىلەن بېسىپ كەلدى. ئىلى، چۆچەكنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن، يار - يۆلەكتىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە ھالقا چۈشۈپ قالغان ئالتايدىكى دۈشمەن شەھەرنى تاشلاپ قېچىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالتاي رايونى تولۇق ئازاد بولدى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئوسمان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، دەلىلقان ئالتاي ۋىلايىتى مۇھاپىزەت قوماندانلىقىغا ھەم ئاتلىق پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەت بىر پۈتۈن بولۇپ بىرلەشتى. 3 ۋىلايەت تولۇق ئازاد بولغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي ئارمىيە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي فرونتلارغا بۆلۈنۈپ، دەلىلقان، ئابباسوف ۋە ئىسھاقبەگلەرنىڭ قوماندانلىقىدا، تاشقى سەپتە جەڭ ئېلىپ باردى. بىر قانچە 10 مىڭ ھەربىي قىسىم ئەۋەتىپ، شىخو، جىڭ ۋە ماناسقا ئوخشاش ئۈرۈمچى - ئىلى تاش يولى ئۈستە-

دىكى مۇھىم شەھەرلەرگە توپ - توغرا بېسىپ كەلدى. بۇنىڭ ئىزىدىن، 44 - يىل 12 - ئايدىن 45 - يىل يازغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قانچە قېتىم ئەۋەتىپ، سوپىخۇن، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ قوماندانلىقىدا، تىيانشان داۋانلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ قىسىملار باي، ۋەنسۇ ناھىيىلىرىنى ئىلگىرى-كېيىن ئازاد قىلىپ، ئاقسۇ، قاراشەھەردەك شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەنلەر گويا قامىلىپ قالغان يىرتقۇچلاردەك دەككە - دۈككىدە كۈنىنى قانداق كەچ قىلىشنى بىلمەي قالدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە، تاشقورغان پارتىزانلىرىمۇ قاغىلىق ۋە پوسكام ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىگەنىدى. دېمەك، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ يالقۇنى پۈتۈن شىنجاڭدا لاۋۇلداپ كۆيدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ دائىرىلىرىنى قاتتىق تەشۋىشكە سالدى. ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكالىغاندىن كېيىن، جياڭجېشى بىر جەھەتتە تاغدىن چۈشۈپ شاپتۇل ئۈزۈشكە ئالدىرىغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتە، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە 8 ئارمىيىنى قورشاپ يوقىتىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىدى. شىنجاڭدىكى ئۇرۇشتا ئۇچرىغان ئېغىر مەغلۇبىيىتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن زور بىر كۈلپەت بولدى. ئۇ شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن تاكتىكىنى ئۆزگەرتىپ، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدى. 1945 - يىل 9 - ئايدا، جياڭجېجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ تىنچلىق سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جاڭجىجوڭ باشلىقىدىكى گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان، ئابدۇقايىر تۆرە ۋەكىللىكىدىكى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 75 كۈنگە سوزۇلغان 30 نەچچە قېتىم تەكرار كېڭەش ۋە سۆھبەتلەر ئارقىلىق ئاخىر 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ چىقىپ، 46 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر باسقۇچلۇق بوران - چاپقۇنلۇق قوراللىق كۈرىشى بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

ئەمما، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تىنچلىق ۋە خەلقچىللىق ھەقىقىي يوسۇندا ئەمەلگە قويۇلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. گېنېرال جاڭجىجوڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ۋە شىنجاڭ دائىرىلىرىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا كۈچى يەتمىدى. شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گومىنداڭ تەرەپ 3 ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئاجرىلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، تاقەتسىزلىك بىلەن تەرتىپكە سېلىپ قايتا تەشكىللەشكە ۋە قىسقارتىشقا ئۇرۇندى. ھەتتا، تىنچلىق بىتىمىگە ئاپ - ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ھەربىي تەييارلىقنى كېڭەيتىپ، مۇداپىئە ئورۇنلىرىغا ھەربىي كۈچنى كۆپەيتىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى كونترول قىلىش، تەھدىت سېلىش ۋە پەيت كۈتۈپ ئۇنى يوقىتىش ۋەزىيىتى يارىتىشقا

ئۇرۇندى. ئۇلار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئۆزىنى ئۆزىگە قارشى قويۇش» چارىسىنى قوللىنىپ، يۇقىرى مەنسەپ ۋە كۆپ پۇل بىلەن ئوسمانىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى يۆلەپ 3 ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى. ئۇلار يەنە پومېشچىك، بايلار، ئاخۇن - موللىلارغا ئوخشاش فېئودال كۈچلەر ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقىلەردىكى يەرلىك ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تىنچلىق بىتىم بويىچە يۈتۈن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتىگە تەلۋىلەرچە قارشى تۇردى. ئۇلار بىر تەرەپتە «كۆڭۈلدىكىدەك مۇنەۋۋەر، ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە زادلارنى سايلاپ چىقايلى.» دەپ جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتە، سايلامنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، خەلق ئىرادىسىنى دەپسەندە قىلىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. شۇنداقلا، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۈچار ۋە قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت - ناھىيىلەردە بىر قاتار قانلىق تۆكۈلۈش ۋەقەسى پەيدا قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى (بىرلەشمە ھۆكۈمەت) ئىچىدىمۇ بىر قاتار سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئامال قىلىپ زەربە بەردى، چەتكە قاقتى، تەھدىت سالدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرىنى ماقۇللىقتىن ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۇزۇشى، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغۇچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمنى بۇزۇشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. ئەتىسى 5 مىڭ كىشىلىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، 55 ماددىلىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 22 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە جىددىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئامىمىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشنى قۇۋۋەتلىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليومىڭچۈن قاتارلىقلار بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىققان بولسىمۇ، تەكلىپ يەنىلا ماقۇللاندى. شۇ كۈنى كېچىسى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەخپىي باش قوشۇپ، «نامايىش بىلەن نامايىشقا قارشى تۇرۇش»، «مۇراجەت قىلىش بىلەن مۇراجەت قىلىشقا تاقابىل تۇرۇش» تەك ئەكسىلئىنقىلابىي تاكتىكىنى قوللىنىشنى قارار قىلدي، ھەمدە قازاق - خۇيزۇ ئۇيۇشمىلىرىنى قۇترىتىپ، كوچىلاردا نامايىش ۋە مۇراجەت قىلدۇردى. 24 - كۈنى، 6 - 5 مىڭدەك قازاق، خۇيزۇ كىشىلىرى، 25 - كۈنى 10 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ قازاق، خۇيزۇ كىشىلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇراجەت قىلدى. بۇزۇق ئۇنسۇرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇرھاننىڭ شوپۇرىنى كىرانات بىلەن ئۆلتۈردى، ئىككى نەپەر ئامىمنى ئېتىپ يارىدار قىلدى. كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر ئەزاسىنى ئۆلتۈردى، بىر قانچىسىنى يارىدار قىلدى. ھەمدە مۇئاۋىن رەئىس بۇرھاننى ئۇرۇپ يارىدار قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەخمەتجان قاتارلىق 3 ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى خىزمەت ئورۇنلىرىدىن چۈشۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋەقە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلەشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنى باھانە قىلىپ، 3 - ئاينىڭ 5 -

كۈنى كېچىسى پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەربىي ھالەتنى يولغا قويۇپ، ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ، قولغا ئېلىش ئىشىنى ھەدەپ ئېلىپ باردى. شۇ كۈنى كېچىسى، ساقچى ماشىنىسىنىڭ ھۆ- كۈرگەن ئاۋازى بېسىلمىدى، مىلتىقنىڭ ئاۋازى ئارىلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 50 دىن ئار- تۇق كىشى قولغا ئېلىندى. پۈتۈن شەھەرنى بىر مەھەل ئاق تېررورلۇق قاپلىدى. 3 ۋىلا- يەتنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىللىرى نامىدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت خەۋپ ئاستىدا قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئەكى- سىيەتچىل دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن غەرەزلىرىگە يەتمۇ يېتىش ئۈچۈن، پەردە ئار- قىسىدا ئەترا پلىق پىلانلىغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بېقىپ كېلىۋاتقان پانتۈركىست مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەيسانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى، ھەمدە بۇرھاننى بىر- لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 3 ۋىلايەت تەرەپ بۇنىڭغا تې- خىمۇ قارشىلىق بىلدۈردى. ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرى بىر مەھەل مەسئۇتقا قارشى، شۇئار تەشۋىقات ۋەرەقلىرى بىلەن تولدى. ھەر مىللەت ياشلىرى، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەر مەسئۇتقا قارشى ئىمزا قويۇش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. 3 ۋىلايەتنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق ۋەكىللىرى جاڭجىجوڭغا بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. غۇلجا شەھىرى 10 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلغان مىللىي ماجىرانى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قىلغان يېڭى بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلدى. 3 ۋى- لايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، مەسئۇتقا قارشى كۈرەش پۈتۈن شىنجاڭ- نىڭ بارلىق جايىدا ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابىي ئاممىنى ۋە تەرەققىپەرۋەر زاتلارنى قانلىق ۋاستىلار بىلەن قولغا ئالدى، قەست قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. پەقەت قەشقەردىلا 50 - 40 چە كىشى قولغا ئېلىندى. گومىنداڭ ئەكسى- يەتچىلىرى بىلەن شىنجاڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى، بۇ رەزىل ئويۇننى ئېلىپ چىقىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي خەلققە يوقىرى بېسىم ئىشلىتىۋاتقان بىر پەيتتە، 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شەرقىي شىنجاڭدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن رايونىنىڭ قوزغىلاڭى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 3 ۋىلا- يەتكە قىلغان ھۇجۇمىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىچكىرىدىن تەمىن- لىنىدىغان يولىنى پاراكەندە قىلىش، مەسئۇتنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان «قوراللىق نامايىش» ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ئارمىيىسى كەڭ كۆلەمدە قورشاپ يوقىتىش ۋە قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، پارتىزانلار ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، تىيانشان تاغلىرى ئىچىدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، قالغان قىسمى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجىغا چېكىنىپ باردى. دېمەك، شىنجاڭ- نىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى گومىنداڭ پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىدى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پار- چىلىنىشقا يۈز تۇتتى. ئۇرۇش قارا بولۇتى قايتىدىن شىنجاڭنى قاپلىدى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئەخمەتجان، ئابباسوف، سەيپىدىن، ئەنۋەرخانبابا باشچىلىقىدىكى 3 ۋىلايەت ۋە-

كىملىكىنى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، قالغان ۋەكىللەرمۇ ۋە 7 ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى ئەزالىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي پارچىلاندى.

مەسئۇت تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ھەر جەھەتتىكى زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئۇ زىددىيەتنى باشقىلارغا بۇراپ، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۇ ئوسمان قاتارلىق مىللىي ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە قارشى زور كۈچ بىلەن جازا يۈرۈش قىلدى. جۈملىدىن 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى تېخىمۇ مۈشكۈل بىر باسقۇچقا ئۆتتى.

لېكىن، خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ يالقۇنىنى ھېچقانداق ئەكسىيەتچى كۈچ ئۆچۈرەلمەيدۇ. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى (مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي) ھەرىكىتىنىڭ يولىدا، يۆنىلىشىنى ئۈزلۈكسىز توغرىلاپ، خاتالىقىنى تۈزىتىپ، بەزىبىر دىنىي يۇقىرى تەبىقىلەر ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش، مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشتەك خاتالىقلارغا خاتىمە بېرىپ، توغرا يولغا چىقتى. شىنجاڭدا تىنچلىق، خەلقچىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، مەسئۇت ئېقىمىدىكىلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق، خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئەخمەتجان «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتنىڭ رەئىسى بولدى، ئىسھاقبەگ «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، ئابباسوف «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ئەزاسى، قوشۇمچە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، دەلىلقان «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ئەزاسى بولدى. «ئىتتىپاق» 3 ۋىلايەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە مەسئۇتلارغا قارشى داۋاملىق قوراللىق ھەم ھەر خىل شەكىلدە كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىپ، قوراللىق كېچۈي يولىنى تۇتۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى، مەسئۇتنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش، بۇرھاننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھال 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت يارىتىپ بەردى.

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سوۋېتتە دېڭلىچۈن بۇيرۇققا بىنائەن غۇلجىغا كېلىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي ئەخمەتجانغا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخمەتجانلارغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى تاپشۇردى. خەتتە، شىنجاڭ 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ھەمدە ئۇلارنى 5 نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىپ، مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىلغان. بۇ خەتنى كۆرگەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى خۇددى

قاراڭغۇ تۈندە يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولۇپ، غايەت زور ئىلھاملاندى. تاڭ نۇرى تيانشاننىڭ جەنۇبىي شىمالىنى يورۇتۇش ئالدىدا تۇرماقتا. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى تېزدىنلا ماۋزېدۇڭغا خەت قايتۇردى، ھەمدە، ئەخمەتجان، ئاببасوۋ، ئىسھاقبېك، دەلىلقان، لوجىلاردىن تەركىب تاپقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەندى. ۋەكىللەر ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجىدىن سوۋېت ئارقىلىق بېيپىڭغا (ھازىرقى بېيجىڭگە) يولغا چىقتى. 27 - كۈنى، ئايروپىلان سوۋېت ئىركۇتسكىي شەھرىنىڭ تاشقى بايقال كۆلىگە يېقىن كەلگەندە، يامان ھاۋارايىغا ئۇچراپ، ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئەخمەتجان قاتارلىق 17 نەپەر كىشىنىڭ ھەممىسى بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، چىن قەلبىدىن تەزىيە بىلدۈردى. مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قايتىدىن «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ئەزاسى سەيپىدىن، چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالىمجان ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى تۇجزلاردىن تەركىب تاپقان 3 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيپىڭغا يولغا چىقتى.

3 ۋىلايەت ۋەكىلى يولغا چىققاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭلىچۈن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، 14 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بورھان ۋە شىنجاڭ جەنۇبىي قوماندانى گېنېرال تاۋشىيۆي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ماۋزېدۇڭنىڭ سالىمىنى ۋە رىغبىتىنى يەتكۈزدى. رەئىس بورھان بىلەن گېنېرال تاۋشىيۆي ھەقىقەتنى بىلىپ، ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەرگە قويماي، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈپ، خەلققە ماھىل بولۇش قارارىغا كەلدى. ئەينەن ۋاقىتتا، ماچىڭشاڭ، يېچىڭ ۋە لوسۇ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، توپىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن سىرتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنى شىنجاڭغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك كۈچلۈك ھەربىي بېسىم بولغاچقا، ئىچكى جەھەتتە، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ كۆپچىلىكى كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە مايىل بولۇپ، ئەركىنلىك، خەلقچىللىق ۋە تىنچلىقنى ئىشقا ئېشىشنى ئارزۇ قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تىرىكىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ توپىلاڭى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گېنېرال تاۋشىيۆي ئۆز قول ئاستىدىكى 10 نەچچە گېنېرال بىلەن بىللە، رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭدېخۇەي ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي كومىتېتىغا، بۇلار ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى دالا ئۇرۇش ئارمىيىلىرىنىڭ قوماندانلىرى، مۇئاۋىن قوماندانلىرى، سىياسىي كومىسسارلىرى ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. شىنجاڭ شۇ كۈندىن باشلاپ ئازاد بولدى. بۇنىڭ بىلەن، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ 5 يىلدىن ئارتۇق جاپا - مۇشەققەت بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبىگە ئېرىشتى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى
دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تۈركىبى بولۇشى ئارقىسىدا، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ گېرمانىيە
پاشىستلىرىغا قارشى كۈرىشى غەلىبە قازانغان، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھ-
بەرلىكىدىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىش ئالدىدا
تۇرغان بىر زور ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە، جۈملىدىن دوست ئەلنىڭ سىياسى، ھەربى
ۋە ماددى جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن قوزغالغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكەتتۇر.
يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بۇ قېتىمقى ئىنقى-
لابى ھەرىكەتكە ئېنىق باھا بەرگەنىدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ
18 - كۈنى غۇلجا يەۋقۇلئاددە رايونى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجانغا
يازغان خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىپ كېلىۋاتقان كۈرەشلار، پۈتۈن
جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربى شىمال خەلق
ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئاز كۈن ئىچىدە ئازاد
بولغۇسى، سىلەرنىڭ كۈرەشلار ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇسى» دەپ
كۆرسەتكەنىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تېنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە
ئۆتۈشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە
قىلغانىدى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، «ئىتتىپاق» مەركىزى تەشكىلاتىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەق-
قەت رەئىسى ئەسقەت جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ-
زېدۇڭغا، شىنجاڭنىڭ تېنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە تەبرىك-
لەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەندىن كېيىن، رەئىس ماۋزېدۇڭ
10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، «ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي
3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن، جۈملىدىن پۈتۈن مەم-
لىكەتنىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر تۆھپە» دەپ ماختىغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلار
پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ
قوللاپ كەلگەنىدى. 1945 - يىل 4 - ئايدىلا، رەئىس ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستلار
پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسى دوكلاتىدا، گومىنداڭ شىنجاڭدىكى
ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى قوراللىق باستۇرغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. چۇڭچىڭ
سۆھبىتى مەزگىلىدە رەئىس ماۋزېدۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تېنچلىق
يولى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈندىگەنىدى. 1946 - يىل 11 - ئايدا، يولداش دۇڭبىۋۇ،
شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى گومىنداڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
نەنجىڭگە كەلگەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدە
تۇرۇشلۇق بەنچوسىدا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئابباسوفنى شەخسەن
ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ئەھۋالى ۋە 3 ۋىلايەت
ئىنقىلابى كۈرەش ئەھۋالى توغرىسىدا قىلغان تونۇشتۇرۇشىنى جۈملىدىن ئۇلارنىڭ جۇڭگو
كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. يولداش
دۇڭبىۋۇ 3 ۋىلايەت ۋەكىلىگە ئىچكى - تاشقى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ بەردى،
جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ سىياسى تەشەببۇسى، تاكتىكىسى، خەلق ئازادلىق ئار-
مىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپى، كۈرەش تاكتىكىسىنى چۈشەندۈردى، جۈملىدىن، شىن-

جاڭگىدىكى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئەنە زەمىندىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيىمىز كومپارتىيە ئەزاسى پىلانلىق ئەۋەتكەنلىكى بىر دېڭلىچۈننى ئېلىپ 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ، 3 ۋىلايەتتە ئىشلىگەندە، ئەمەلدە پارتىيىمىز بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن، يەنە بىلەن بىلەن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىدا ئېگىز تاغلار كۆپ بولغاچقا، دېڭيەنتەينىڭ كۆچۈپ يەتمەي، 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مەركەز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاش مەقسىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى. ئەمما، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇھىم خەۋەرلىرى، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىنقىلابىي بايانلىرى رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق 3 ۋىلايەتكە يېتىپ كەلدى. بەزىدە 3 ۋىلايەت گېزىت - ژۇرناللىرىدا بېسىلىپ، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىدە چوڭقۇر تەسىر ھاسىل قىلدى. يولداش پىلاقكۆئەن 3 ۋىلايەتتە خېلى كۆپ خىزمەت ئىشلىدى. 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنە يولداش دېڭلىچۈننى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى نامى بىلەن غۇلجا ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ «لىچۈن»، «دېڭيەنتەي»نى قۇرۇپ، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مەركەز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە قوزغالغان ئىنقىلاب بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى ئالغانىدى. ئىككىنچى ئىنچىكە ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنىڭ پائالىيىتى بار ئىدى. 1937 - يىلى 5 - ئايلاردا، قىزىل 4 - فالىيە نىجونىي غەربىي يۈرۈشىدىكى ئارمىيىسىنىڭ 400 دىن ئارتۇق قىزىل جەڭچىسى شىنجاڭغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى ۋە قەھرىمانانە ئوبرازى بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر سىياسىي تەسىر قالدۇرغانىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش، خەلقچىللىقنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ تىنچلىق بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ چېڭ يۈن، دېڭ فا، چېڭ تەنچيۇ باشلىقىدا كوممۇنىستلارنى زور تۈركۈملەپ شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا قىزىل ئۇرۇقلارنى چاچتى، ماركسىزم - لېنىنىزم تەسىرىنى ئالغان بىر تۈركۈم ياش زىيالىيلار تېزدىن ئۆسۈپ يېتىشتى. ئابباسوف مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئەنە شۇ مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى جايلاردا ئىلغار مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇلار كېيىن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ، مۇھىم رول ئوينىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى يەنە دوست چەت ئەلمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ماددىي ياردىمىگىمۇ ئېرىشتى.

شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ بىر شانلىق سەھىپىسى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولۇپ، شىنجاڭ 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئازادلىق، خەلقچىلىق ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى باتۇرانە ئېلىپ

يارىغان، قورالليق كۆرەش بولۇپ، ھېچنا بىلىنمىدۇ، بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭنىڭ يۈلۈنۈپ كېتىشى-
نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسى-
يەتچىل، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچىلىق كۈچ-
لىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئار-
مىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىست-
لار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ھەمكارلاشتى. شۇنىڭدا قىلا،
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئويناپ، ئۆز تۆھپىسىنى كۆرسەتتى.
ھەرقانداق بىر دەۋر، كۆلەملىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت، يا مۇنداق، يا ئۇنداق خاتا-
لىقلاردىن خالىي بولۇش تەس. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىمۇ
ياماقانلار بىلەن ياخشىلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە
ئەخمەتجان، ئابباسوفقا ئوخشاش، دەسلەپكى قەدەمدە كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە بول-
غان ئىنقىلابچىلارمۇ بار. ئەلىخان تۆرىگە ئوخشاش ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارمۇ بار. ئۇ ۋا-
قىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى خىزمىتىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ۋەتەننى بۆلۈشكە
ئۇرۇنۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پان ئىس-
لامىزم، پان تۈركىزملىقنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي قىرغىنچىلىقنى قوزغاپ، ئىنقىلابنى
بىر مەھەل خاتا يولغا باشلىغانىدى. بۇ تۈپ خاراكتېرلىك خاتالىق، ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار
كۈچلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەخمەتجان،
ئابباسوف، ئىسھاقبەگ ۋە دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر قارا بۇلۇتنى قەي-
سەرلىك بىلەن يوقىتىپ، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىملارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئېلە-
مىز زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى. ئۇلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ،
ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئىنقىلابنى توغرا يولغا سالدى.
بولۇپمۇ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشتە، ئەخمەتجان، ئابباسوفلار ئالاھىدە
خىزمەت كۆرسەتتى.

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مادىلوك

## شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمىھالى خەۋەرلەر ژۇرنىلى

1987 - يىل 1 - سان

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى قەرەللىك ژۇرنال نومۇرى 855

ش ئۇ ئا ر شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى توپلاش - رەتلەش كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر «شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمىھالى ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى.
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
«شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمىھالى ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى تارقاتتى. باھاسى 0.30 يۈەن
(ئۈرۈمچى شىنخۇا نەنلۇ 23 - نومۇر)